ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق

# كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈركچە ئىسىم-فامىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق

# كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈركچە ئىسىم فامىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئادەم بولۇشۇمنى تولىمۇ ئارزۇ
قىلغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن پۈتۈن شارائىتنى
تەييارلاپ بەرگەن رەھمەتلىك دادام جەلىل تۇردى ھاجىمنىڭ
روھىنىڭ شاد بولۇش ئۈچۈن . . .

Tyulemissov Madi مهدی ابواصل

tmadi1@gmail.com

# كىرىش سۆز

مېنىڭچە، بىر دېھقانغا نىسبەتەن بىر يىل تەرگە چۆمۈپ ئىشلەپ، قىلغان ئەجرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرۈشتىن ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك؛ بىر ئىشچىغا نىسبەتەن لاياقەتلىك بىر مەھسۇلات ئىشلەپ مۇۋاپىق ئىش ھەققىگە ئېرىشكەنلىكتىن ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك؛ بىر ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن ھەر جەھەتتىن ساغلام بىر بالىغا ئېرىشىپ، ئۆز بالىسىنىڭمۇ ساغلام بىر ئائىلە قۇرغانلىقىنى، مەيلى قانداق بىر ئىشتا بولمىسۇن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشتىن ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك. بىر ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەنمۇ، ئۆزى دەرس بەرگەن ياكى تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يارامىلىق كىشى بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىققانلىقىنى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقانلىقىنى، بىر ۋىجدان ئىگىسى بولۇپ يېتىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشتىن ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك، ئەلۋەتتە!

مەن بىزنىڭ فاكۇلتېتتا ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ جەمئىيەتتە ئۆزىگە لايىق بىر ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن بىر خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئۆز ھەققىنى تېپىپ يېيەلىگەنلىكىدىن ناھايىتى سۆيۈنىمەن، ئۆزۈمچە پەخىرلىنىپ كېتىمەن. دەل شۇنداق بولغاچقا، فاكۇلتېتىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ياش دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇنجى كىتابى —— «كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈركچە ئىسىم ـ فامىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن ناھايىتى

خۇشالمەن. شۇڭا ئاپتورنىڭ بۇ ئەمگەك مېۋىسىنى ئالدى بىلەن چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن.

دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق تۈركىيىدە ئوقۇش جەريانىدا ۋە قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلىش جەريانىدا «كىشى ئىسىم-فامىلىسى» دېگەن تېمىنى ئۆزى ئوقۇغان كەسىپ ــ مىللەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئىسىم-فامىلىنىڭ مىللىي كۇلتۇر[1] ۋە مىللەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. بۇ ھەقتە خېلى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىققان. گەرچە بۇ كىتابتا ئاساسلىقى تۈركچە كىشى ئىسىم-فامىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئۇلگە ئېلىشىمىزغا، تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىمىزگە تەتبىقلاشقا تېگىشلىك مەزمۇنلار مول. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابنىڭ بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتى ۋە ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى بار.

«ئىسىم» دېگىنىمىز بىر شەيئىنى باشقا بىر شەيئىدىن پەرقلەندۈرىدىغان تىل بەلگىسى. كىشى ئىسمى دېگىنىمىز بىر كىشىنى يەنە باشقا بىر كىشىدىن پەرقلەندۈرىدىغان تىل بەلگىسى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن «سۆزلۈك» كاتېگورىيىسىگە تەۋە. ئەمما ئادەم كىشىلىك جەمئىيەتتىكى باشقا ھەرقانداق شەيئىدىن پەرقلىنىدىغان

---

[1] كۇلتۇر ئاتالغۇسى تىلىمىزدا «مەدەنىيەت» (غەرب تىللىرىدا Culture، خەنزۇ تىلىدا 文化) دەپ ئېلىنىپ كېلىۋاتقان ھادىسىنىڭ ئىلمىي تىلىدىكى ئاتىلىشىدۇر. ئەمەلىيەتتە «كۇلتۇر» بىلەن «مەدەنىيەت» بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ھادىسىلەر. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ئىزاھات ياكى نەزەرىيىۋى چۈشەندۈرۈشلەر ئۈچۈن مۆئەللىپنىڭ «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 4-سانىغا بېسىلغان «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات» ۋە شۇ ژۇرنالنىڭ 2004-يىل 2-سانىغا بېسىلغان «كۇلتۇرنىڭ مەدەنىيەتتىن پەرقى ۋە مىللىي كۇلتۇر» تېمىسىدىكى ماقالىلىرىغا قاراڭ.

ئالاھىدە شەيئى بولغاچقا، كىشى ئىسمى ئەنە شۇ ئالاھىدە شەيئىنىڭ تاشقى بەلگىسى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىشى ئىسمى كىشىنىڭ سىمۋولى. بىر كىشى مەيلى قانچىلىك تاشقى گۈزەللىككە ئىگە بولسۇن، ئۇ كىشى يەنىلا ئۆز ئىسمى ئارقىلىق باشقىلاردىن پەرقلىنىدۇ، ئىسمى ئارقىلىق باشقىلار تەرىپىدىن تونۇلىدۇ. تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئىسمى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىسىم كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ھەرقانداق ئىنسانىنىڭ تۇنجى ئىسمى جەزمەن باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلىدۇ، يەنى ھەرقانداق ئادەم ئىسىم قويۇش جەھەتتە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا بالىنىڭ ئىسمىنى ئاتا-ئانىسى، بوۋا-مومىلىرى، باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى مەسلىھەتلىشىپ قويىدۇ. بالا ئۆسۈپ چوڭ بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى باشقىلار ئارقىلىق بىلىپ يېتەلەيدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، بالىغا قانداق ئىسىم قويۇش ئاتا-ئانىنىڭ قانچىلىك مەسئۇلىيەتچان ئىكەنلىكىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ.

بالىغا ئىسىم قويۇش — مەسئۇلىيەتچانلىق تەلەپ قىلىدىغان، ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان بىر چوڭ ئىش. بىر بالىنىڭ ئۆمۈرلۈك سىمۋولىنى ياخشى تاللاش ھەقىقەتەن مۇھىم. بىز بالىغا ئىسمىنى ياخشى تاللىساق، بۇ ئىسىم شۇ بالىغا ئۆمۈرلۈك يېتەكچى بولىدۇ، ئۆمۈرلۈك مەدەت - ئىلھام بولىدۇ. بالىنىڭ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كۈچ، تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر ياخشى تاللىمىساق، بالىنىڭ سىمۋولى ئادەتتىكىچە، ھەتتا سەلبىي مەنە ئاڭلىتىدىغان بولۇپ قالىدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن بالىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەرزەنتىنى سۆيگەن ھەرقانداق ئاتا-ئانا بالىسىغا ئىسىم قويۇش مەسىلىسىگە ئاكتىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ئىسىمنىڭ مەنىسى بىلەن ھېسابلاشماي، ئويناشقاندەكلا يەڭگىللىك بىلەن ئىسىم قويۇپ قويۇشتىن

ساقلىنىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىسىم ۋە ئىسىم قويۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنىمۇ ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر.

ئىلىم-پەن شۇنچە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزى پسىخولوگلار كىشى ئىسمى بىلەن شۇ كىشىنىڭ پسىخىكىسى، تەبىئىتى ماس كېلىپ قالىدۇ، بەزىدە بالىنىڭ ئىسمىدىن شۇ بالىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى كۆرۈلىدۇ، دېيدىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىي ئەھۋاللاردىمۇ بەزى پاكىتلار بۇ قاراشنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان «ئۆتكۈر» ئەپەندىمنىڭ ئىسمى بىلەن ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ماس كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا مەكتىپىمىزدە ئوقۇۋاتقان ئۆتكۈر ئىسىملىك باللارمۇ قاندائتۇر پىكىر قىلىش، ئىلىم-بىلىم ئۆگىنىش جەھەتتە خېلى ئۆزگىچە ئىلغارلىققا ئىگە. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئىسمى باللارغا ئىلھام بېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىزنىڭ مەكتىپىمىزدە .ئوقۇغان ئۈچ «رەيھانگۈل» بولۇپ، ئىككىسى ئالىلىقاچان ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۆز كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ خېلى تونۇلۇپ قالدى. يەنە بىرى ھازىر ئوقۇۋاتقان رەيھانگۈل، سىنىپىدىكى 33 بالىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى. دېمەك، بۇ ئۈچ قىزنىڭمۇ «رەيھانگۈل» (خۇشپۇراق چاچقۇچى گۈل) دېگەن ئىسمى بۇ قىزلارنىڭ ھەم تاشقى گۈزەللىكى، ھەم ئىچكى گۈزەللىكى بىلەن ناھايىتى ماس كەلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى قويۇشمۇ بالىنى ياخشى يولغا يېتەكلەشتە، ئېنىق ئۈلگە، غايە كۆرسىتىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە، ئىسىم بىلەن شۇ ئىسىم ئىگىسىنىڭ تەبىئىتى، تەقدىرى ماس كېلىدىغان ئەھۋال مۇتلەق بولمايدۇ. ئەمما يۇقىرىدىكى پاكىتلار بىزنى ئويغا سالماي قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر ئاتا-ئانا بولغۇچى بالىغا ئىسىم قويغاندا، جەزمەن ئىجابىي ئىسىملارنى، بالىنى ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان، بالىغا مەدەت

بولىدىغان، بالىنى توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان ئىسىل ئىسىملارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

«فامىلە» دېگىنىمىز بىر ئاتا ـ ئانا قېنىدىن تۆرىلىپ كۆپەيگەن ئۇرۇق، جەمەت، سوي ئەۋلادلىرىنى باشقا بىر قاندىن تۆرىلىپ كۆپەيگەن ئۇرۇق، جەمەت، سوي ئەزالىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان تىل بەلگىسىدۇر. بەزى مىللەتلەردە بىر قاندىن تۆرەلمىسىمۇ كېيىن شۇ «قان»غا تەۋەلىكى ئېنىق بولغانلارنى (مەسىلەن، ئاياللار نىكاھلانغاندىن كېيىن ئەرنىڭ فامىلىسىنى ئېلىشى) باشقا فامىلىلىكلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان تىل بەلگىسى. خەلق تىلىدىكى «يەتمىش پۇشتى» دېمەك ئەنە شۇ «بىر فامىلىلىك كىشىلەر»نى كۆرسىتىدۇ.

بىز بىلىمىزكى، جەمئىيەت نۇرغۇن قاتلاملاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئىچىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتى ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئەڭ يېقىن بولغان ئىككى قاتلام بار: بۇنىڭ بىرى «ئائىلە»، يەنە بىرى «بىر فامىلىلىك كىشىلەر». دېمەك، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتقان ۋاقتىمىزدا، ھەممە ئىش مۇشۇ ئىككى قاتلام بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنى بىر مىللەتنىڭ سىياسەت ـ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىدېئولوگىيە ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىقتىسادىي ئورنىنى، كۇلتۇرەل قۇرۇلمىسىنى، مائارىپ ئېڭىنى، ئۆملۈكلۈك، ئۇيۇشقاقلىق، تىرىشچانلىق تۇيغۇسىنى بەرپا قىلىشتا، ھەممە ئىش ئالدى بىلەن «ئائىلە»دىن، ئاندىن قالسا «بىر فامىلىلىك كىشىلەر»دىن باشلىنىدۇ. ئاخىرىدىمۇ يەنە شۇ ئىككىسىدە ئەمەلىيلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆز خەلقىمىزنىڭ سىياسەت ـ ساپاسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئىشنى پەرزەنتلىرىمىزگە ئىسىم قويۇش، ئۇرۇق ـ جەمەتىمىزگە «فامىلە» تاللاشتىن باشلىشىمىز كېرەك.

«فامىلە» قوللىنىش مىللىي ئۆملۈكنى بەرپا قىلىش، مىللىي ئورتاق شەرەپ تۇيغۇسى، مىللىي ئورتاق ئار ـ نومۇس تۇيغۇسى بەرپا قىلىشتا

ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىر ئائىلىدە بىر كىشى ياخشى ئىش قىلغان بولسا، پۈتۈن ئائىلە شەرەپ ھېس قىلىدۇ، بىر كىشى ناچار ئىش قىلغان بولسا، پۈتۈن ئائىلە ئار-نومۇس ھېس قىلىدۇ، بۇ توپقا «فامىلە» قوللانغاندىن كېيىن، «پۈتۈن بىر فامىلىلىكلەر»نىڭ ئورتاق تۇيغۇسىغا ئايلىنىدۇ. يەنى بىر «فامىلە» قوللانغۇچىلار ئارىسىدا بىرى ياخشى ئىش قىلسا، شۇ فامىلىنى قوللانغانلار ئورتاق ھالدا «شەرەپ» ھېس قىلىدىغان؛ ئەگەر بىر «فامىلە» قوللانغانلار ئىچىدە بىرەرسى يامان ئىش قىلىپ قويسا، شۇ فامىلىنى قوللانغانلارنىڭ ھەممىسى ئار-نومۇس ھېس قىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر «فامىلە» قوللانغۇچىلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئۆملۈكى كۈچىيىدۇ، بىر-بىرىگە تۆرتكە بولۇش، مەدەت بېرىش ھېسسىياتى تېخىمۇ قوزغىلىدۇ. دېمەك، يىغىپ ئېيتقاندا، «فامىلە» قوللىنىش مىللىي ئورتاق ئۆملۈك، مىللىي ئورتاق شەرەپ تۇيغۇسى، مىللىي ئورتاق ئار-نومۇس تۇيغۇسى بەرپا قىلىش ۋە يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىغا ئىسىم قويۇش، بىر قانچە تۆرەلگەنلەرنىڭ ياخشى فامىلە قوللىنىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى مىللىي مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇشى لازىم.

ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇشىنى شۇ يۇرتىدا تاماملىغان. 1990-يىلى مەكتىپىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە ئوقۇشنى تاماملاپ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا قاراشلىق مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. 1997-يىلدىن 2003-يىلغىچە تۈركىيىنىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن بىرى بولغان ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان. ئىككىلا ئوقۇشنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن

تاماملىغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى ۋە 2004 ـ يىلى مەكتىپىمىزنىڭ مىللەتشۇناسلىق ـ جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىغا خىزمەتكە كىردى. خىزمەتكە چۈشكەندىن بېرى، خەنزۇ، ئۇيغۇر، تۈرك تىللىرىدا ھەرخىل دەرسلەرنى سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە خىزمەتداشلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ خىزمەتكە چىققان قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە كۆپلىگەن ماقالىلارنى يېزىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېڭىدىن تونۇلۇۋاتقان «مىللەتشۇناسلىق» ۋە «جەمئىيەتشۇناسلىق» تەرەققىياتى ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنى ئېتىپ ئىشلىمەكتە. مەزكۇر كىتاب ئۇنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىنىڭ مېۋىسى. كىتابخانلارنىڭ ياش تەتقىقاتچىمىزغا بولغان قوللاش تۈيغۇسى بىلەن بۇ ئەسەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، مۇشۇ ساھەدىكى ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

ھەرقانداق يېڭى شەيئى نۇقسانلاردىن خالىي بولمايدۇ، شۇڭا كىتابتا ئۇنداق ياكى مۇنداق نۇقسانلار ساقلانغان بولسا، تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشكىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن. دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ تېنى ۋە روھىنىڭ تېخىمۇ ساغلام بولۇشىغا، بۇ ساھەدە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، بىر ئۆمۈر يارامىلىق، ھوسۇللۇق تەتقىقاتچى بولۇپ يېتىلىشىگە تىلەكداشمەن.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىن

مۇھەممەترەھىم سايىت

2005 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.

# مۇندەرىجە

ئىسىم قويۇش ۋە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈركلەردە
كىشى ئىسىملىرى ........................... 1
ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تۈركلەردە كىشى ئىسىملىرى........... 10
يېقىنقى زامان تۈركىيە تۈركلىرىدە كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى.... 14
بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرى ۋە يېڭى يۈزلىنىش.... 18
مەزكۇر كىتابچىنىڭ ھازىرلىنىشىدىكى مەقسەت ۋە
ھازىرلىنىش شەكلى......................... 22
مەزكۇر كىتابچىنى قوللىنىش ياردەمچىسى ۋە قىسقارتمىلار...... 24
تۈركلەردە كۆپ قوللىنىلىدىغان قىز ئىسىملىرى.............. 28
تۈركلەردە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئوغۇل ئىسىملىرى ........... 90
پايدىلىنىلغان مەنبەلەر........................... 183

# ئىسىم قويۇش ۋە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈركلەردە كىشى ئىسىملىرى

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا ئات قويۇش ــــ ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بېرى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئىشى بولۇپ كەلدى. خۇسۇسەن، تۈنجى پەرزەنت كۆرۈش ئالدىدىكىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ گەۋدىلىك. كۈنىمىزدىكى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىش ياكى مەدەنىي مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزگىچىلىكنى ئىپادىلەش، مىللەت خاسلىقىنى تونۇتۇش ۋە ئۆزى تەۋە مىللەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان مۇشۇنداق پەيتتە، پەرزەنتلىرىگە ئەڭ مەنىلىك ئاتنى قويۇش مەسئۇلىيەتچان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان مۇھىم بىر ئىشىدۇر.

ئادەتتە، ھامىلىلىك رەسمىيلەشكەندىن كېيىن، ياش ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ياكى جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ ئۇيغۇن بىر ئىسىمنى تېپىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. بۇ جەرياندا، ئاتا ـ ئانىلار مۇزاكىرە قىلىپلا قالماي، ھەتتا ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئارىسىدا مەسلىھەت ۋە كېڭىشىش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. ئەگەر ياش ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزلىرى بېكىتەلەيدىغان بولسا، بوۋاق دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا بېكىتىپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىشتا ئائىلە چوڭلىرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغان ياكى چوڭلار بەلگىلەيدىغان ئەھۋالدا بولسا، ئۇلار مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئائىلە ئەزالىرى مۇۋاپىق كۆرگەن

بىر ئىسىمدا بىرلىككە كېلىشىمۇ مۇمكىن. تۈرك تۆرەسىدە[1] ئىسىم قويۇش ھەققىدە مۇنداق بىر ئەنئەنە بار: ئەگەر ياش ئاتا ـ ئانا چوڭلار بىلەن بىللە ياشاۋاتقان بولسا (يەنى چوڭلار ھايات بولسا)، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ ياكى ئۇلار قويۇپ بەرگەن ئاتنى رەسمىي ئىسىم قىلىپ ئىشلىتىدۇ.

قىسقىسى، كىشىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش، ئايرىش، تونۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن مەخسۇس ئاتالغۇلار «ئىسىم، ئات» دېيىلىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان ھەر بىر بوۋاققا ئات قويۇش بىر ئەنئەنە، تۆرە بولغاندىن باشقا، بىر ئېھتىياج ۋە ھەتتا بىر مەجبۇرىيەتتۇر.

بۇ خىل مەجبۇرىيەت ياكى ئېھتىياج ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت شەكلىدە ياشاشقا باشلىغان تۇنجى كۈنلىرىدە باشلانغان ئىدى. بوۋاققا قويۇلغان ئىسىمنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى كىشىلىكى، كەلگۈسى، جەمئىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئورنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسىمنىڭ تاللىنىشى دىققەت ۋە ئەستايىدىللىق تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم بىر ئىش بولۇپ كەلگەنىدى[2].

---

[1] تۆرە ـــ قەدىمكى تۈركچىدە(ياكى ئۇيغۇرچىدا) تۆرە، تۆرە شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى تۆرە ـــ بىر جەمئىيەتتە ئۆزلەشكەن، ئومۇملاشقان ھەرىكەت ۋە ياشاش شەكىللىرىنىڭ، قائىدىلەرنىڭ، ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ، جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئورتاقلاشقان ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ. جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن توغرا بىلىنىپ تۇتۇلغان يوللارنىڭ تامامىنى كۆرسىتىدۇ. تۆرە جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن چوقۇم ئىجرا قىلىنىشى كېرەك بولغان ۋىجدانىي بەلگىلىمىلەر بولۇپ، جەمئىيەت ئەزاسى ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتنىڭ تۆرىسىنى ئىجرا قىلغىنىدا، جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ تەقدىرلىنىدۇ، ئىجرا قىلمىغاندا بولسا جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماي چەتكە قېقىلىدۇ. تار مەنىدىكى تۆرە ـــ بىر جەمئىيەتتىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى كۆرسىتىدۇ. تۆرە ئۆتمۈشتە بۈگۈنكى مەنىدىكى قانۇننىڭ رولىنى ئوينىغانىدى.

[2] ئا.نەۋزات ئودياقماس: *«ئات قويۇش ئەنئەنىسى»*، لالە بايراق، م.فارۇق بايراق: «ئا'دىن زْگىچە زامانىۋى بالىلار ئىسىملىرى سۆزلۈكى»، ئالفا نەشرىياتى 2000 ـ يىل ئىستانبۇل نەشرى،7 ـ بەت.

ئات تاللاش، تەلەپچانلىق بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ قەدەر ئۇڭاي ئىش ئەمەس. ئەگەر خۇسۇسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئالدىن قارارلاشتۇرۇلغان بىر ئىسىم بولمىسا (مەسىلەن، تۇغەپ كەتكەن يېقىنلىرىنىڭ ئىسمىنى قويۇش دېگەندەك)، ئانا ـ دادا تۇغۇلغۇسى پەرزەنتىگە ئەڭ ئۇيغۇن بىر ئىسىم قويۇش ئۈچۈن بىلىدىغان پۈتۈن ئىسىملارنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشىدۇ، ئويلىشىدۇ.

ئۆتمۈشتە ۋە كۈنىمىزدە، ھەر قانداق بىر جەمئىيەت ۋە مىللەت ئۆزلىرىگە خاس بولغان مىللىي ئەنئەنە ۋە ئادەتلىرىگە، دىنىي ئېتىقادىغا، مىللىي پەلسەپە ـ تەپەككۇرىغا ئۇيغۇن ئىسىملارنى ئىشلەتكەن ياكى ئىشلەتمەكتە. جەمئىيەتتىكى ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ بېرىشى ھەمدە مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ، كىشى ئىسىملىرىدە جىنسىيەت ئايرىملىشىش ھادىسىسى روشەنلىشىپ بارغان. يەنى، بەزى ئىسىملار يالغۇز قىز پەرزەنتلەرگە قويۇلسا، بەزىلىرى يالغۇز ئوغۇل باللارغا قويۇلۇشقا باشلىغان. ئەلۋەتتە بۇ ئەھۋال پۈتۈن مىللەتلەرگە ئورتاق ئەمەستۇر. خەنزۇلارغا ئوخشاش بەزى مىللەتلەردە كىشى ئىسىملىرىدىكى جىنسىيەت ئايرىمى ئۇ قەدەر روشەن ئەمەس ياكى يوقتۇر. ئەمما تۈركىي تىللىق خەلقلەر، پارسلار، ئەرەبلەر ۋە رۇسلاردا بولسا بۇ ئەھۋال ناھايىتى روشەن.

تۈرك كىشى ئىسىملىرىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن بۇرۇنقى كىشى ئىسىملىرى باسقۇچى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كىشى ئىسىملىرى باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى چوقۇم دىققەتكە ئېلىش شەرت. چۈنكى، بۇ ئىككى دەۋردىكى كىشى ئىسىملىرى بىر ـ بىرىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، بۇ كىشى ئىسىملىرىنىڭ تامامەن دېگۈدەك تۈركچە بولۇشى ئىدى. بۇ دەۋردە تۈركلەر كۆكتەڭرى، مانى، بۇددىزم، زەردۇشت ۋە خرىستىئان

دىنلىرىگە كىرىپ چىققان بولسىمۇ، ئۆز ئىسىم ۋە تۆرەلىرىگە نىسبەتەن سادىق بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەڭ تەقۋا بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي كىتابلىرىدا (ھەتتا تەرجىمە ئەسەرلىرىدە) سانسكرىتچە ئاتالغۇلار ئۇ قەدەر كۆپ بولسىمۇ، كىشى ئىسىملىرى يەنىلا تۈركچە ئىدى. يات دىنلارنىڭ تەسىرىدە قالغان خاقان، تېكىن، بەگ ۋە خاتۇنلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ يەنىلا تۈركچە ئىدى. يەتتەسۇ رايونىدىكى نىستۇرى خرىستىئان تۈركلىرىگە ئائىت مازار تاشلىرىدا كۆرۈلگەن يۈزگە يېقىن كىشى ئىسىملىرىنىڭ يالغۇز بەشلا يات (تۈركچە بولمىغان) كىشى ئىسمى ئىدى. مەسىلەن، مىلادى 885_1335 يىللىرى ئارىسىدا ئۆلگەنلەرنىڭ مازارلىقىدىكى قەبرە تاشلىرىدا تۆۋەندىكى كىشى ئىسىملىرى كۆرۈلگەن: مەڭگۈتاش، تېگىن، ئالتۇنتاش، قىزتۈرك، كۈمۈش خاتۇن...تېخىمۇ قىزىقارلىقى، ئۇلارنىڭ پاپازلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭمۇ تۈركچە بولۇشى ئىدى. مەسىلەن، ئاقباش پاپاز، يۇلۇقئۇتۇغ پاپاز...دېگەندەك[①].

قەدىمكى تۈركلەر تۇغۇلغۇسى بوۋاقلارغا ئات قويۇش ئىشىنى ناھايىتى مۇھىم ئىش قاتارىدا كۆرەتتى. قەدىمكى تۈركلەرگە كۆرە، بوۋاققا قويۇلىدىغان ئىسىم بىلەن پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر ئارىسىدا بىر خىل مۇناسىۋەت، مەخپىي بىر ئوڭ تاناسىپلىق(ئۇيغۇنلۇق) بار ئىدى. ئۇلار كىشى ئىسمىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن بىر خىل يازغى (پېشانىسىگە پۈتۈلگەن، يېزىلغان) ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. دەدە قورقۇت ھېكايىلىرىدىمۇ ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. بۇ خۇسۇستا تەتقىقاتچىلار شۇ نۇقتىدا ئورتاق پىكىر بىرلىكىگە كەلگەن، ئۇ بولسىمۇ، قويۇلىدىغان ئىسىم بوۋاق تۇغۇلغان ھامان ئەمەس، مۇئەييەن بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قويۇلىدىغانلىقىدۇر. دەدە قورقۇت بۇ ھەقتە شۇنداق

---

① كەمال زەكى گەنچئوسمان: «مىلەنيۇم باللارى ئۈچۈن تۈرك ئىسىملەرى سۆزلۈكى»، دوغان مەديا گۇرۇبۇ ، 2000_يىل نەشرى، 4_ بەت.

دەيدۇ: «بىر ئوغۇلغا باش كېسىپ قان تۆكمىگۈچە، ئات قويۇلماس ئىدى»[1].

ئاسىيا قىتئەسىدە ياشايدىغان تۈركلەرنىڭ بەزىلىرىدە، پەرزەنتلىرى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئۆتكۈنچى ئىسىم قويىدىغان ئادەت بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بالىسى چوڭ بولۇپ يىگىتلىككە يارىشا بىر نەتىجە ياراتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا رەسمىي ۋە ئۆزگەرمەس ئىسمىنى قويۇشاتتى. يىگىتلىككە قەدەم قويغان باللار ياي تارتىپ ئوق ئاتماي، ھەركىمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىر يىگىتلىك كۆرسەتمەي تۇرۇپ مۇقىم بىر ئىسىم ئالالمايتتى. بۇ ھەقتە مەيلى دەدە قورقۇت كىتابىدا، مەيلى ئوغۇز قاغان داستانىدا بولسۇن، يىگىتلىكىگە ئاساسەن بېرىلگەن بىرمۇنچە ئىسىم قويۇش ئەھۋالىنىڭ بارلىقى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا مىسال ئۈچۈن ئوغۇزخان داستانىدىكى بىرمۇنچە كىشى ئىسىملىرى ئارىسىدىن بوزئوق، قارلۇق، قىپچاق، ئوغۇز، ئۇيغۇر ۋە ئۈچئوق ئاتلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

بۇ يەردە بىز دەدە قورقۇت كىتابىدىكى يۇقىرىدا توختالغان تېما بىلەن ئالاقىدار بىر ھېكايىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى:

«....قول كۆتۈرۈشۈپ دۇئا قىلىشىپ تىلەك تىلەشتى. بىر دۇئاگويىنىڭ خەير دۇئاسى بىلەن ئاللاتائالا دىرسە خانغا بىر پەرزەنت بەردى. خاتۇنى ھامىلىدار بولدى. بىر قانچە مۇددەتتىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى. ئوغلىنى ئىنىكئانىلارغا بەردى، باقتۇردى.

ئات ئايىغى شامالدەك ئىتتىك، ئوزان (خەلق سەنئەتچىسى) تىلى چاققان بولۇر. ھەرقايسى سۆڭەكلەر تەرەققىي قىلدى، قوۋۇرغىلىرى چوڭايدى. ئوغلان ئون بەش ياشقا كىردى. ئوغلاننىڭ دادىسى بايىندىرخاننىڭ ئوردۇسىغا (ئارمىيىسىگە) قاتنىشىپ كەتتى.

---

[1] بەسىم ئاتالاي: «تۈرك بۈيۈكلەرى ۋەيا تۈرك ئاتلارى»، 1935 ـ يىل ئىستانبۇل دۆلەت نەشرىياتى 2 ـ نەشرى، 4 ـ بەت.

ئەسلىدە خاقانىم بايىندىرخاننىڭ بىر بۇقىسى بار ئىدى. يەنە بىر ئەركەك تۆگىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇقا قاتتىق تاشقا مۈڭگۈزىنى ئۇرسا، ناھايىتى قاتتىق قورام تاش كۇكۇم-تالقان بولۇپ كېتەتتى. بايىندىرخان قۇدرەتلىك ئوغۇز بەگلىرى بىلەن بىر يازدا، بىر كۈزدە ئەركەك تۆگىسى بىلەن بۇقىسىنى سوقۇشتۇرۇپ تاماشا قىلاتتى، كۆڭۈل ئاچاتتى.

مەگەر سۇلتانىم، يەنە بۇقىنى سارايدىن چىقاردى. ئۈچ كىشى ئوڭ تەرىپىدىن، ئۈچ كىشى سول تەرىپىدىن تۆمۈر زەنجىر بىلەن بۇقىنى يېتىلەشكەنىدى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىلىپ قويۇپ بېرىشتى. دىرسە خاننىڭ ئوغلى ئۈچ تەڭتۇشى بىلەن بۇ مەيداندا ئويۇن ئويناۋاتقانىدى. بۇقىنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرگەن باللار دەرھال قېچىشتى.

دىرسە خاننىڭ ئوغلى قاچمىدى. مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇردى. بۇقا ئوغۇلغا ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى. گويا بىر ئۇسۇش بىلەنلا پارچە-پارچە قىلىۋېتىدىغاندەك پەيلى بار ئىدى. ئوغلان ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن بۇقىنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇشتى بىلەن ئۇردى. بۇقا ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمما بۇقا يەنە ئوغلانغا ئېتىلىپ كەلدى. ئوغلان يەنە بۇقىنىڭ پېشانىسىگە مۇشتى بىلەن قاتتىق بىرنى سالدى ۋە مۇشتىنى بۇقىنىڭ بېشىغا تىرەپ تۇرۇپ بۇقىنى ئارقىسىغا ئىتتىردى ۋە مەيداننىڭ بىر چېتىگە چىقاردى. بۇقا بىلەن ئوغلان يەنە داۋاملىق تىركەشتى. بىر-بىرىنى يېڭىشەلمىدى. ئوغلان شۇنداق بىر ئوي ئويلىدى: بىر تامغا تىيەك تاقاشتىن مەقسەت، تامنىڭ يىقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر، مەن بۇ بۇقىنىڭ پېشانىسىغا مۇشتۇمۇمنى تىرەپ نېمىگە تىيەك بولۇپ تۇرىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئوغلان بۇقىنىڭ پېشانىسىدىن مۇشتىنى تارتىپ دەرھال يان تەرەپكە چېكىندى. پۈتۈن كۈچى بىلەن تىركىشىپ تۇرغان بۇقا ئۆزىنى توختىتالماي ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ تىك موللاق ئاتتى. ئوغلان دەرھال پىچىقىنى چىقىرىپ

بۇقىنىڭ كاللىسىنى كەستى. ئوغۇز بەگلىرى كېلىپ ئوغلانىنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى، «ئاپىرىن!» دېيىشتى ۋە: «*دەدەم قورقۇت كەلسۇن، بۇ ئوغلانغا ئات قويسۇن، دادىسىنىڭ قېشىغا ئالىپ بارىپ بەگلىك ئىستەسۇن، تەخت ئالىپ بەرسۇن!*» دېيىشتىلەر.

دەدە قورقۇت چاقىرىلدى، ئوغۇلنى ئېلىپ دادىسىنىڭ قېشىغا باردى. دەدە قورقۇت ئوغلانىنىڭ دادىسىغا شۇنداق دېدى:

هەي دىرسە خان بەگلىك بەر بۇ ئوغلانغا،
تەخت بەر ئەردەملىكتۇر.
بوينى ئۇزۇن، بۆيۈك ئات بەر بۇ ئوغلانغا،
مىنەر بولسۇن هۇنەرلىكتۇر.
ئېغىللاردىن ئون مىڭ قوي بەر بۇ ئوغلانغا،
ئەتلىك بولسۇن هۇنەرلىكتۇر.
تۆگىلەردىن قىزىل تۆگە بەر بۇ ئوغلانغا،
يۈك توشۇغۇچى بولسۇن هۇنەرلىكتۇر.
ئالتۇن باشلىق ئوتاق بەر بۇ ئوغلانغا،
سايە بولسۇن ئەردەملىكتۇر.
مۇرىسى قۇشلۇق تون كىيىم بەر بۇ ئوغلانغا،
كىيەر بولسۇن هۇنەرلىكتۇر.

*«سېنىڭ ئۇشبۇ ئوغلۇڭ بايىندىر خانىنىڭ ئاق مەيدانىدا جەڭ قىلىپتۇ، بىر بۇقا ئۆلتۈرۈپتۇ، ئىسمى بوغاچ بولسۇن، ئاتىنى مەن بەردىم،*

*ياشنى ئاللاھ بەرگەي!»* دېدى. دىرسە خان ئوغلىغا بەگلىك بەردى، تەخت بەردى»[1].

ساخا (ياقۇت) تۈركلىرى قەدىمكى تۈرك ئەنئەنىلىرىنى يېقىنقى زامانلارغىچە داۋام قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇلار بوۋاققا ئىككى قېتىم ئات قوياتتى. تۇنجىسىنى بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۈچ ئايلىق بولغاندا قوياتتى. بۇ ئىسىم ئۆتكۈنچى ئىسىم ئىدى، ئىككىنچىسىنى بولسا بالا ئوقيا كىرىپ ئوق ئاتالىغۇدەك بولغاندا قوياتتى[2]، بۇ قويۇلغان ئىسىم ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىسمى بولۇپ قالاتتى.

ئالتاي تۈركلىرىدە ئومۇملاشقان مۇنداق بىر ئادەت بار ئىدى: بالىسى تۇرمىغان ئائىلىدە تۇغۇلغان بالىغا سەت بىر ئاتنى قوياتتى. مەسىلەن، ئىت، ئىتبالا، توڭگۇز، ئىتئالماس دېگەندەك. ئۇلارنىڭ ئىشىنىشىگە ئاساسلانغاندا، ئەزرائىل سەت ئىسىم قويۇلغان بالىلارنىڭ جېنىنى «توڭگۇز، ئىت» دەپ يىرگىنىپ ئالماسمىش[3].

باشقا مىللەتلەردىمۇ ناھايىتى كۆلكىلىك ئىسىملار بار. مەسىلەن ،فرانسۇزلاردا بەرگەر Berger (چوپان)، پىئېررە/Pierre (تاش)، بوۋئىللون/Bouillon (گۆش سۈيى)، بوۋئۇف/Boeuf (ئۆكۈز). گېرمانلاردا ئارسېخ/Arseh (ئۆكۈز)، كاتزېنېللېنبوگېن /Katzenellenbogen (مۈشۈك جەينىكى).رۇسلاردا، سوباكىن/ Sobakin(ئىت ئوغلى)، سۋېنىن/ Swenin(توڭگۇز ئوغلى)، سۋېنوۋخوۋ/ Svenouhov (توڭگۇز قۇلىقى ئوغلى)، بىكوۋ/ Bikov (ئۆكۈز ئوغلى) دېگەندەك.

---

[1] مۇھاررەم ئەرگىن: «دەدە قورقۇت كىتابى»، بوغازىچى نەشرىياتى، 2000-يىل 21-نەشرى، 24-26-بەتلەر.

[2] بەسىم ئاتالاي: «تۈرك بۈيۈكلەرى ۋەيا تۈرك ئاتلارى»، 1935-يىل ئىستانبۇل دۆلەت نەشرىياتى 2-نەشرى، 6-بەت.

[3] بەسىم ئاتالاي: «تۈرك بۈيۈكلەرى ۋەيا تۈرك ئاتلارى»، 1935-يىل ئىستانبۇل دۆلەت نەشرىياتى 2-نەشرى، 7-بەت.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى مەنىسى ياخشى بولمىغان كىشى ئىسىملىرىنىڭ قىسمەن تۈركىي تىللىق خەلقلەردىلا بولۇشى، بۇ ئىسىملارنىڭ ئۇ قەدەر كۆلكىلىك ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەبلەر كىشى ئىسىملىرى ئۈچۈن *«ئەلەسمائۇ تەنزىلۇ مىننەسسەمائى»* دەيدۇكى، بۇ *«ئىسىملەر ئاسماندىن چۈشىدۇ»* دېگەنلىك بولىدۇ. قەدىمكى تۈركلەر ئىسىملارنى ئاسماندىن چۈشكەن دەپ ھېسابلىمايتتى. ئۇلار، بالا قابىلىيىتىگە يارىشا، ئۆزىگە ئۇيغۇن ئىسىمنى ئالىدۇ دەپ قارايتتى. بۇ سەۋەبلىك تۈرك كىشى ئىسىملىرىنىڭ بۈيۈك بىر قىممىتى بار[1]. ئەلۋەتتە بۇ ھال ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە ئۇ مىللەتلەرنىڭ باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان خاسلىقى، قىممەت قاراشلىرى، ھايات پەلسەپىلىرى بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى، مىللەتلەر ياشايدىغان ئىقلىم، ماكان، ئەسىرلىشىدىغان مەدەنىيەت ۋە كۈلتۈرلەر بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق. ئەڭ مۇھىمى، بىر مىللەت مىللەت بولۇپ مەۋجۇدىيىتىنى ئەسىرلەرچە داۋام قىلدۇرۇپ كەلگەنلىكىنىڭ تۈپ بەلگىسى ئۇنىڭ مۇكەممەل ۋە ئۆزىگە خاس مىللىي كۈلتۈرنى يارىتالىغانلىقىدا. ئەنە شۇ مىللىي كۈلتۈر مىللەتلەرنىڭ مىللىي تەپەككۇرىنى، قىممەت قارىشىنى، قىسقىسى، ھەممە نەرسىسىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كۈلتۈرلەردىكى مىللەت خاسلىقىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى ئېنىمىز بولغان كىشى ئىسىملىرىنىڭمۇ مىللەت خاسلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

---

[1] بەسىم ئاتالاي: «تۈرك بۈيۈكلەرى ۋەيا تۈرك ئاتلارى»، 1935 ـ يىل ئىستانبۇل دۆلەت نەشرىياتى، 2 ـ نەشرى، 9 ـ بەت.

# ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تۈركلەردە كىشى ئىسىملىرى

تۈركلەرنىڭ مۇسۇلمان ئەرەبلەر بىلەن ئۇچرىشىشى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوراسان رايونىدا، يەنى ئىران ـ تۇران چېگرىسىدا بولغانىدى. بۇ ئۇچرىشىش ئۆتكۈنچى، يۈزەكى ئۇچرىشىش ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇچرىشىش كېيىنكى يىللاردا تەسىرى داۋاملىق چوڭقۇرلىشىپ بارىدىغان كۈلتۈرەل ئۇچرىشىشنىڭ باشلانغۇچى ئىدى. بۇ دەۋردىن كېيىن ئىسلام دىنى بىلەن بىرلىكتە ئەرەبچە ۋە سامانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە پارسچە كىشى ئىسىملىرى، يۇقىرى تەبىقىدىكى تۈركلەر تەرىپىدىن دەسلەپتە ئۇنۋان، كېيىنرەك كىشى ئىسىملىرى سۈپىتىدە قوللىنىلىشقا باشلىدى. «**تەبەرى تارىخى**»دا يېزىلىشىچە، خوراساندىكى تۈرك بەگلىرىدىن نىزاق تارقاننىڭ جىيەنلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى «ئوسمان» ئىدى. بۇ كىشىنىڭ تۇنجى قېتىم ئەرەبچە ئىسىم ئىشلەتكەن تۈرك ئىكەنلىكى، شۇنداقلا تىلىمىزغا كىرگەن تۇنجى ئەرەبچە ئىسىمنىڭ «ئوسمان» ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن①. بۇ تارىختىن كېيىن، ساپ تۈركچە كىشى ئىسىملىرى قوللىنىپ كەلگەن سۇلتان ۋە دۆلەت بۈيۈكلىرىنىڭ بالىلىرى ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىسىم ئىشلىتىشكە باشلىغان. بەزى تۈرك دۆلەتلىرىدە، مەسىلەن، كېيىنكى ئانادولۇ سالجۇقلىرى تېخىمۇ كۆپ پارسچە ئىسىم قوللىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار پارسلارنىڭ «شاھنامە»سىدىكى پۈتۈن قەھرىمانلارنىڭ ئىسىملىرىنى بالىلىرىغا قويۇشقانىدى. پەقەت بۈيۈك تۈرك ـ ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا

---

① ئابدۇلقادىر ئىنان: «*ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تۈركچە ئىسىملار*»، «تۈرك تىلى» ژۇرنىلى، 1958 ـ يىل نەشرى، 7 ـ جىلت، 82 ـ بەت.

چىققان بەگلىكلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرى تۈرك خەلقى ئارىسىدىن چىققانلىقى تۈپەيلى يەنە تۈركچە ئىسىملارغا قايتقانلىقى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئىراندا قۇرۇلغان بۈيۈك سالجۇقىيلار دۆلىتى پارچىلانغاندىن كېيىن، ھېراتتا ئايتېگىن، خوراساندا ياغمۇر، بۇغرا، ئاناdolۇدا ئىنال، ئىنالدى، دەمىرخان، ياخشى، تۇرغۇت، دۇرسۇن...غا ئوخشاش ئىسىملىك بەگلەر ئوتتۇرىغا چىققاندى. تۈركىيەنىڭ سىنوپ ۋىلايىتىدە سالجۇقىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ۋە جاندار ئوغۇللىرىغا ئائىت 1212—1445 ـ يىللىرى ئارىسىدىكى مازار تاشلىرىدا تۇغرۇل، قۇتلۇجا، ياۋاش، ئارتۇق، ئاياس، ئىلدېگىز، تۆرەخاتۇن، كۈندۈز، قايماس دېگەندەك ئىسىملارنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىققاندى[1].

ئىسلامىيەتنى تۇنجى بولۇپ دۆلەت دىنى قىلغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەرەبچە «ئابدۇلكەرىم» ئىسمىنى ئىشلەتكەنىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە خاقان ۋە سۇلتانلارنىڭ ئىسىملىرى تامامەن ئەرەبچە بولماستىن، تۈركچە ئىسىملەرنىمۇ بىرگە ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم. بۇ دەۋردىكى زىيالىي تەبىقىسىدىكىلەرگە قارىغىنىمىزدا، كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسەن ئەرەبچىلەشكەنلىكىنى، ھەتتا ئەرەب ئىسىم-فامىلە ئادىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئوچۇق بايقاش مۇمكىن. مەسىلەن، فارابى (تولۇق ئىسمى: ئەبۇ نەسىر بىننى مۇھەممەد بىننى تارخان بىننى ئۇزلۇق فارابى)، كاشغارى (تولۇق ئىسمى: مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن كاشغارى)، يۈكنەكى (تولۇق ئىسمى: ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى)، خاراباتى (تولۇق ئىسمى: مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى)، مۆجىزى (تولۇق ئىسمى: موللا ئىسمەتۇللاھ بىننى موللا نىمەتۇللاھ)، نافىس (تولۇق ئىسمى: سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر)...گە ئوخشاش. بۇ خىل ئەھۋال ئەسلىدە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان تۈركىي

---

[1] كەمال زەكى گەنچئوسمان: «مىلەنيۇم باللارى ئۈچۈن تۈرك ئىسىملەرى سۆزلۈكى»، دوغان مەديا گۇرۇپپۇ 2000 ـ يىل نەشرى، 5 ـ بەت.

تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوقۇغان زىيالىي تەبىقىسىدە نىسبەتەن ئومۇملاشقان ئەھۋال ئىدى.

ئوسمانلى خاقانلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان تۈرك دۆلەتلىرى ئىچىدىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ تۈركچە بولۇشىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن خاقانلار ئىدى. تۈرك ـ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئەرتۇغرۇل، گۈندۈزئالپ، ساچاجى بەي دېگەندەك ساپ تۈركچە ئىسىملار كۆرۈلسىمۇ، 600 يىللىق ھاكىمىيەت تارىخىدا، ئوسمانلى ئۇرۇقىدىن كەلگەن خاقانلار ئورخان غازىدىن كېيىن ھېچبىرى تۈركچە ئىسىم قوللانمىغانىدى. 600 يىللىق تارىخ بويىچە، خانىدانىنىڭ شاھزادىلىرى ئىچىدە پەقەت ئالتە ئورخان، ئىككى جەنگىز (ئۇيغۇرچىدىكى چىڭگىز)، ئىككى قورقۇت، ئىككى ساۋاجى، تۆت ئەرتۇغرۇل، بىر ئوغۇزخان؛ سۇلتانلار ئىچىدە پەقەتلا ئۈچ سەلچۇق، ئىككى بەيخان بار ئىدى. ئوسمانلى ئۇرۇقىنىڭ ئەرەبچە ـ پارسچە كىشى ئىسىملىرىغا بۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىشىدە، بۇ تەبىقىنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئېلىۋالغان دىۋان ئەدەبىياتىنىڭ رولى چوڭ بولغانىدى[①].

دەسلەپتە، دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلار بىلەن ئۈست تەبىقىدىكىلەر ۋە زىيالىيلارنىڭ ئىسىملىرىدا كۆرۈلگەن ئەرەبلىشىش، پارسلىشىش ھادىسىسى كېيىنكى نەچچە ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا پۈتۈن مىللەت ئىچىدە ئومۇملىشىشتەك بۈگۈنكى نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كۈنىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، تۈركىيە تۈركلىرى (جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان دەۋردە)، بالقان تۈركلىرى ۋە ئىران، ئىراق، سۈرىيە تۈركمەنلىرىدە ئەرەبچە ـ پارسچە

---

① كەمال زەكى گەنچئوسمان: «مىلەنيۇم باللارى ئۈچۈن تۈرك ئىسىملەرى سۆزلۈكى»، دوغان مەديا گۇرۇبۇ ، 2000 ـ يىل نەشرى، 6 ـ 7 ـ بەت.

ئىسملارنىڭ نىسبىتى ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسملىرىدىن ئۇلارنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەتكە مەنسۇپلىقىنى بايقاش ناھايىتى تەس ئىدى. لېكىن قىپچاق تۈركلىرىنىڭ كىشى ئىسملىرى (قازاق، قىرغىز، تاتار، باشقىرت، نوغاي، قاراچاي) يۇقىرىقى ئوغۇز تۈركلىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تۈركچە ئۆزگىچىلىكىنى مۇھاپىزەت قىلغان. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ كۆپىنچە قونار-كۆچەر ھالەتتە ياشايدىغانلىقى، تامامەن ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتۈپ ئىسلام مەدەنىيىتىدىن چوڭقۇر تەسىر ئېلىشىنىڭ باشلانمىغانلىقى، ئىسلامىيلىقىنىڭ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا ئوغۇز ۋە ئۇيغۇرلار (ئۆزبېكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر-قارلۇق گۇرۇپپىسى) دىكىدەك چوڭقۇر يىلتىز تارتمىغانلىقى ئېھتىمالىدىن بولسا كېرەك. يەنە تاغ ۋە دالالاردا ياشايدىغان قىپچاقلار بىلەن ئوغۇز ۋە ئۇيغۇرلارغا يېقىن ياكى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شەھەرلەردە ياشايدىغان قىپچاقلارنىڭ كىشى ئىسملىرىدا روشەن پەرق بار. يەنى ئوغۇز ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە شەھەرلەردە (مەسىلەن، ئارتۇش، غۇلجا، چۆچەك، ئوش، جالالئابات قاتارلىق شەھەرلەردە ياشايدىغان قازاق، قىرغىز ۋە تاتارلار) ياشايدىغان قىپچاقلارنىڭ ئىسملىرىدا ئىسلامىي (ئەرەب-پارس) كىشى ئىسملىرى قىر-دالىدا ياشايدىغان قىپچاقلارنىڭكىدىن كۆپرەك.

# يېقىنقى زامان تۈركىيە تۈركلىرىدە كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى

ئوسمانلى تۈركلىرى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە غەربىي ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادا ھەر قايسى جەھەتتە، خۇسۇسەن ئەسكىرىي جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈن كۈچ ئىدى. ئوسمانلىلار 1698 ـ يىلىدىكى ۋېنا قورشاۋىدا (ياۋروپا خرىستىئانلىرىنىڭ بىرلەشكەن ئارمىيىسى بىلەن بولغان بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا، ئوسمانلىلار ئۈلارنى ۋېنادا قورشىۋالىدۇ) تۇنجى قېتىم ياۋروپالىقلاردىن يېڭىلىدۇ. ئىمپېراتورلۇق قۇرۇلغان تارىختىن بېرى ياۋروپالىقلاردىن ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن بولۇپ كەلگەن ئوسمانلىلار ئۇلار بىلەن قىلغان پۈتۈن ئۇرۇشلاردىن غالىب چىققانىدى. ۋېنا قورشاۋىدىكى يېڭىلىشتىن كېيىن ھەممە جەھەتتە ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇپ كەلگەن ئوسمانلى تۈركلىرى ياۋروپانىڭ ئۆزلىرىدىن قايسى جەھەتتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى مۆلاھىزە قىلىشقا باشلايدۇ. ئوسمانلى سۇلتانلىرى ۋە باش ۋەزىرلىرى 18 ـ ئەسىردە ئەسكىرىي ساھەدە باشلىغان غەربتىن ئۆگىنىش ياكى غەربتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش ھەرىكىتى كېيىنچە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غەربنىڭ باشقۇرۇش شەكىللىرىنى، تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى، قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە قەدەر تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ.

ياۋروپادىكى تېز سۈرئەتلىك ئۆزگىرىش، ئوسمانلىغا قارىتىلغان «ئۆزگەرتىشلەر» ۋە ئاخىرى ئۇزۇلمىگەن ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە بۇ ئىسلاھاتلار تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەي، جۇمھۇرىيەت تۈركىيەسىگە باقىۋەندە بولىدۇ. ئۇرۇشتىن غالىپ ئايرىلغان ۋە مۇستەقىللىقنى پۈتۈن ياۋروپالىقلارغا ئېتىراپ قىلدۇرغان تۈركلەر يېڭى شارائىت ۋە يېڭى دەۋردە زامانىۋى ئۇلۇس ـ دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن مۇستافا كامال ئاتاتۈركنىڭ

باشچىلىقىدا بۈيۈك بىر ئىنقىلابنى باشلايدۇ. بۇ ئىنقىلابنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولسا، ئۇممەتتىن مىللەت يارىتىش ۋە بۇ مىللەتكە زامانىۋى مەنىدىكى مىللەت ئېڭىنى سىڭدۈرۈپ، زامانىۋى دۇنيادىكى لايىق ئورنىنى تاپقۇزۇش ئىدى. بۇ خۇسۇستا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم بىر قىسمى مىللىي ئاڭنىڭ يېتىلدۈرۈلۈشى، مىللىي تارىخنىڭ پۈتۈن جەريانىنىڭ يورۇتۇلىشى، ئەسلىي تۈركلۈكلىرىگە قايتىش... ھەرىكەتلىرى ئىدى.

يېڭى جۇمھۇرىيەتچىلەر رادىكال قارارلار بىلەن ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى تەرەققىياتقا، زامانىۋىلىشىشقا، زامانىۋى ئۇلۇس-دۆلەت بولۇشقا توسالغۇ بولىدۇ دەپ قارالغان ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىسلاھ قىلىشقا، ھەتتا تامامەن ئۆزگەرتىشكە كىرىشىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرى تۈرك كىشى ئىسىم-فامىلىلىرىدىمۇ كەسكىن بىر شەكىلدە ئەكس ئېتىدۇ.

تۈركىيە تۈركلىرى مەركىزىي ئاسىيانى ئاتا يۇرت، كىچىك ئاسىيانى (ئانادولۇ يېرىم ئارىلىنى) ئانا ۋەتەن دەپ بىلىدۇ. بۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئانا ۋەتىنى تۈركىيەنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئاسىيا قىتئەسى بىلەن ياۋروپا قىتئەسىنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقى، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، 600 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ياۋروپالىقلار بىلەن ھەر خىل مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى سەۋەبىدىن مەدەنىيەت ۋە كۇلتۇر جەھەتتىن ئۆزىنى داۋاملىق يېڭىلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىنى ھېس قىلىپ تۇرغان.

تۈرك زىيالىيلىرى ۋە تۈرك بيۇروكراتلىرى فرانسۇز ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭىلىقلارنى بىرئاز كېچىكىپ بولسىمۇ قوبۇل قىلىشقا، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توسالغۇلۇق ۋە قاتماللىقلارنى تۈگىتىش، ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ. لېكىن تۈركىيە تۈركلىرى تەۋە بولغان مەدەنىيەت ۋە كۇلتۇر چەمبەرلىرى ياۋروپالىقلارنىڭكىدىن تامامەن پەرقلىق بولغاچقا، بەزى ئىسلاھاتلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تېمىمىز بىلەن ئالاقىدار بولغان كىشى ئىسىملىرىدە تۈركلىشىش، مىللىيلىشىش ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. جۇمھۇرىيەت زامانىۋى مىللەتلەردەك فامىلە قوللىنىشنى قانۇن بىلەن كاپالەتكە ئالىدۇ. تىل ئىنقىلابى ئارقىلىق، تۈرك تىلىدىكى ئەرەب-پارس تىللىرىغا ئائىت سۆز ۋە باشقا ئامىللار تەدرىجىي سىقىپ چىقىرىلىپ، ئورنىغا خەلق تىلىدا ساقلىنىۋاتقان ساپ تۈركچە، قېرىنداش تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىللىرىدىكى سۆزلەر كىرگۈزۈلىدۇ ياكى تۈركچىنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ يېڭى-يېڭى سۆزلەر ياسىلىپ بوشلۇق تولدۇرۇلۇشقا باشلايدۇ.

بۇ جەرياندا، دەسلەپ زىيالىيلار قاتلىمى كىشى ئىسىملىرىنىڭ مىللىيلىشىشىگە، تارىخىي تۈرك ئاتلىرىنىڭ تىرىلدۈرۈلۈپ يېيىلىشىغا باشلامچىلىق قىلىپ، بۇ تەشەببۇسنى ئۆزلىرىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىم-فامىلىسىدە ئاكتىپ قوللىنىشقا باشلايدۇ. بۇ باشلامچىلىق نەتىجىسىدە ئاۋام قاتلىمىدىمۇ بۇ خىل خاھىشنى قوبۇل قىلىش، تېزدىن ئۆزلەشتۈرۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلىدۇ.

بۈگۈنكى تۈركىيىدىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ بولۇپمۇ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئىسمى ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن ئاساسەن تۈركچە، فامىلىلىرىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ساپ تۈركچىدۇر. بەزى ئىسلامىي ئەقىدىسى چوڭقۇر بولغان تۈركلەرمۇ بالىلىرىغا ئەرەبچە ئىسىم قويۇش بىلەن بىرگە يەنە بىر تۈركچە ئىسىم قويۇشنى ئەنئەنە قىلىشقان. بۇ خىل قوش ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسى تۈركلەردە خېلىلا كەڭرى. مەسىلەن، ئاخمەت گۆكتۈرك گەيلان، مەھمەت دۆۋۈشچۈ ئاقسوي، نېجات تۇغرۇل كاباكچى دېگەندەك. بۇ يەردىكى ئاخمەت گۆكتۈرك، مەھمەت دۆۋۈشچۈ، نېجات تۇغرۇل شەخسنىڭ قوش ئىسمى، گەيلان، ئاقسوي، كاباكچى بولسا فامىلىسىدۇر. كېيىنكى يىللاردا، بىر ئىسىم ۋە فامىلە ئىشلىتىش ئومۇملىششقا باشلىدى. مەسىلەن، ئەرلەر ئىسىم-فامىلىسىدىن: بوزكۇرت

كۆكتۈرك، ئالپەر گۆكبۆرۈ، گۆكخان كۆكتۈرك، ئاتىللا قايا، قۇبىلاي تۈركىيلماز، نىھات كاھۇجى، ئەمرە بەلەزئوغلۇ، ھاسان شاش، ئىلخان مانسىز... قىز ئىسىملىرىدىن: بىرسەن گۆكچە، داملا گەلەكچى، سەۋىنچ قىلىچ، بىلگە تۈرك، ئاسىنا كۆكھۈن، جاندار ئەرچەتىن، ئاينۇر ئۆزدەمىر...

تۈركىيە تۈركلىرىدە، قىزلارنىڭ ئادەتتە ئىككى فامىلىسى بولىدۇ. بىرى قىزلىق فامىلىسى، يەنە بىرى بولسا ئەۋلىلىك (ئۆي-ئوچاقلىق)، يەنى توي قىلغاندىن كېيىنكى ئېرىنىڭ فامىلىسى. بۇرۇن قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن چوقۇم قىزلىق فامىلىسىنى ئىشلەتمەي، ئېرىنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتەتتى. كېيىنكى يىللاردىكى قانۇن ئۆزگەرتىشلەر بىلەن قىزلار توي قىلغاندىن كېيىنمۇ خالىسا ئۆزلىرىنىڭ قىزلىق فامىلىسىنى ساقلاپ قالالايدىغان بولدى. مەسىلەن، ئايىسكەنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇنقى فامىلىسى ئۇيغۇر بولسا، ئالپئارسلان ئىدىقۇت بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنكى فامىلىسى خالىسا، ئايىسكە ئىدىقۇت، خالىسا ئايىسكە ئۇيغۇر ئىدىقۇت بولىدۇ.

تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ ئىسىملىرى بۈگۈن تېخىمۇ مىللىي ۋە ساپ تۈركچە بولۇشقا قاراپ ماڭماقتا. تۈركچە كىشى ئىسىملىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىدىغان بولساق، تۈركلەر كىشى ئىسىم-فامىلىلىرىدە بىر تەرەپتىن قىسقا ۋە مەنىلىك بولۇشقا دىققەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كىشى ئىسىم-فامىلىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنىڭ مۇمكىنقەدەر ساپ تۈركچە بولۇشىغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. 1934-يىلى چىقىرىلغان سويادى( Soy adı) (فامىلە) قانۇنى، بەزى چەكلىمىلەرنى بەلگىلەپ، بەزى ئىسىملارنىڭ قوللىنىلىشىنى چەكلىگەنىدى. مەسىلەن، بۇ قانۇنغا كۆرە، تۈرك ۋەتەندىشى (گراژدانى) ئەمەل-مەنسەپ، يات ئىرق ۋە يات مىللەت ئىسىملىرى بىلەن ئەدەپ-قائىدىلەرگە ئۇيغۇن بولمىغان ياكى يىرگىنچلىك ۋە كۈلكىلىك بولغان سۆزلەرنى سويادى (سوي ئاتى/فامىلە) قىلىپ ئىشلىتەلمەيتتى.

# بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسملىرى ۋە يېڭى يۈزلىنىش

ئۇيغۇرلار يېقىن دەۋرلەرگىچە بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن ئورتاق مەدەنىيەت چەمبىرى ئىچىدە ئاساسەن ئورتاق كۈلتۈردىن بەھرىمەن بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۈنىمىزگە قەدەر (ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن) قانداق ئىسىم ئىشلەتكەنلىكى يۇقىرىدا بىز توختىلىپ ئۆتكەن تۈركلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەلگەنىدى. پەقەت يېقىنقى دەۋرلەردىكى، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىن كېيىنكى 50 يىل ئىچىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسملىرىدە روشەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى مۇقەررەر[1].

بولۇپمۇ 1990 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تاللىنىشىدا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قويۇلغۇسى ئىسىملارنىڭ مەنىسىگە، تەۋەلىكىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن نوقۇل دىنىي كىتابلاردىن باشقا تارىخىي، مىللىي كىتابلارنى ۋاراقلىغىلى تۇرغانلىقى كۆرۈلمەكتە.

بۈگۈنكى دەۋردە، خۇسۇسەن ئۇچۇر دەۋرى دەپ ئاتالغان كەڭ مەنىدىكى يەرشارىلىشىش (全球化 Globalization) جەريانى داۋام قىلىۋاتقان، تار مەنىدە رايون خاراكتېرلىك، نىسبەتەن چوڭ يېپىشقاق كۈلتۈرلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن پەرقلىق، نىسبەتەن كىچىك كۈلتۈرلەرگە ئارام بەرمەي ئۆز دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىۋاتقان كۈنىمىزدە، ھەر قايسى

---

[1] بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن نورمۇھەممەت دۆلەتنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى ھەققىدىكى ماقالىلىرىگە ۋە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارغا قارالسا ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش مۇمكىن.

مىللەتلەر ئۆزلىرىنى ۋە ئۆزگىلەرنى نىسبەتەن ئەتراپلىق تونۇپ ـ بىلىپ يەتمەكتە. زامانىۋى مىللەتلەرنىڭ قىلىۋاتقان، كىرىشىۋاتقان ئىشلىرىدا، ھەرۋاقىت ئاڭ ـ ئىدراك ۋە مىللىي مەسئۇلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتمەكتىمىز. نۇرغۇنلىغان مەدەنىي مىللەتلەر ياكى مەدەنىي مىللەت بولۇش ھارپىسىدىكى خەلقلەر تېمىمىز بولغان كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، ئىسىملارنىڭ ناھايىتى ئىخچام ۋە مەنىلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ مىللىيلىقىغا، تارىخىيلىقىغا ھەتتا ئىسىم ئىگىسىنىڭ ھەر ۋاقىت «ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق» بولۇش تۇيغۇسىنى ئويغاق تۇتۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشمەكتە.

يەڭگىل ۋە تېز تەرەققىي قىلىدىغان، ئوڭاي ھاياجانلىنىپ ئاسان سوۋۇيدىغان ھېسسىي مىللەتلىكتىن، ئويلايدىغان، كۆپ تەرەپلىملىك تەرەققىي قىلىدىغان، نىسبەتەن پەلسەپىۋى مىللەت بولۇش ئىزتىراپىنى ھېس قىلىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيسىنىڭ يېڭى دۇنياغا كەلگۈسى ۋە كەلگەن پەرزەنتلىرى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئاڭ فورماتسىيىسىنى، دۇنيا قارىشىنى، ئارمان ـ ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان كىشى ئىسىملىرىنى تاللاش، ئىزدەش ئىشتىياقىغا كىرگەنلىكىنى قەدەمدە بىر كۆرۈپ تۇرماقتىمىز. بۇ ھالنىڭ يالغۇز زىيالىي دېيىلگەنلەر قاتلىمى بىلەنلا ئەمەس، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بار بولغان كەڭ خەلق ئاممىسى قاتلىمىدىمۇ پەيدا بولۇپ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كېلىۋاتقان ئىستەك ۋە تەلەپلەردىن بىلمەكتىمىز.

كۆزىمىز ۋە كۆڭلىمىزدە ناھايىتى قىممەتلىك يېرى بولغان نەسلىمىزنى، ئەسلىمىزنى، مۇھىمى ئۇرۇقىمىزنى داۋام قىلدۇرۇپ، كەلگۈسىمىزنىڭ كاپالىتى بولغۇسى جان ـ جىگەر پەرزەنتلىرىمىزگە لايىقىدا ئىسىم تېپىپ قويۇش، بۇ قويۇلغان ئىسىم بىلەن پەرزەنتكە ئۆزلىرىنىڭ ئىستەكلىرىنى ھېس قىلدۇرۇپ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى دائىما ئويغاق تۇتۇش ھەر دەۋردە، بولۇپمۇ كۈنىمىزدە ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە بولماقتا. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «ئۇيغۇر كىشى

ئىسىم-فامىلىلىرى تەتقىقات گۇرۇپپىسى» نىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر تەتقىقات مېۋىسىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بەھرىگە سۇنۇشى[1]، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سابىق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ئىككى قېتىم رەئىس بۇيرۇقى چىقىرىپ، ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنى قانۇنىي ئاساسقا ئېلىشقا تىرىشىشى بۇ ساھەدىكى تەقدىرلەشكە، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم ئىشتۇر. چۈنكى، فامىلە ئىشلەتكەن بىر ئادەمنىڭ ئىسمى، ئۇرۇقى، شان-شۆھرىتى مىڭ يىللارچە ئۇنتۇلمايدۇ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋام قىلىپ، قىممەتلىك بىر يادىكار، جەمەتنىڭ ئۆزگەرمەس ئورتاق ئىسمى بولۇپ قالىدۇ. جەمەت ئىسمى يەنى فامىلەنىڭ قوللىنىلىشى بىر ئۇرۇقنىڭ بىرلىكى، ئۆملۈكى ئۈچۈن ناھايىتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئەسلىدە بىزدە بار بولغان، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن «يەتتە ئەجدادىنى بىلىش» ئەنئەنىمىزنى تىرىلدۈرگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، ھەر ئۇرۇق ئۆزىنىڭ شەجەرىسىدىن ئاسانلا خەۋەردار بولالايدۇ ياكى ئۇنى يېزىپ قالدۇرالايدۇ. ئۆتمۈشىنى بىلەلىگەن، بۇ بىلگەنلىرىدىن مۇسبەت نەتىجە چىقىرالىغان بىر ئەۋلاد ئەۋلادىغا قانداق ئەجداد بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدە مۇئەييەن مۇقىم ئەقىدىگە كەلگەن بولىدۇكى، بۇنداق ئەجدادنىڭ ئەۋلادى جەمەتكە، جەمئىيەتكە تېخىمۇ پايدىلىق بولالايدۇ. چۈنكى جەمەتنىڭ غېمىنى قىلغان بىر ئەۋلاد، ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ غېمىنى قىلغان بولىدۇ. مەلۇمكى، جەمەت شەخسلەردىن (ئەزالىرىدىن)، جەمئىيەت جەمەتلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ.

---

[1] قاراڭ: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، باش تۈزگۈچى: ئازاد رەخمىتۇللا سۇلتان، ئاپتورلار: كوللېكتىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، ئۈرۈمچى.

كۈنىمىز ئۇيغۇرلىرىدىكى كىشى ئىسىم-فامىلە[1]لىرىدىكى يۈزلىنىشنى تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركچە، مەسىلەن، مەقەددەس، مەرھابا، ئازات، بابۇر، ئالپ، ئىلتەبەر؛ مەزمۇن ۋە پۇراق جەھەتتىن مىللىيچە ۋە ئىسلامىيچە، مەسىلەن، كۇرشاد، ئاتىللا، ئايبىكە، مۇھەممەد، قەدىرىدىن، سىراجىدىن...بۇلاردىن باشقا يەنە روھلۇق، جەڭگىۋارلىقى بولغان ئىسىملار بۇرۇنقىدىن كۆپەيگەن، مەسىلەن، جەسۇر، قىلىچ، قەيسەر، قەھرىمان...

قىسقىسى، 90-يىللاردىن كېيىنكى كىشى ئىسىملىرىدە ئورتاق رىغا چىقىۋاتقان ئەڭ مۇھىم بىر يۈزلىنىش — تاللىنىۋاتقان ئىسىملارنىڭ مەنىسىگە، مىللىيلىقىغا دىققەت قىلىش؛ ئاتا-ئانا پەرزەنتىگە قويغان ئىسىم ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى (قىلغان، قىلالىغان، قىلالمىغان، قىلماقچى بولغان)، دۇنيا قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە، پەرزەنتىنىڭ ئىسمىغا يوشۇرۇنغان مەنالارغا ئەھمىيەت بېرىش بولماقتا.

---

[1] كۈنىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ فامىلىسى يوق. كۆپىنچە خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ماتېرىياللاردىكى ئىسىم-فامىلە شەكلىدە ئېلىنىپ كەلگەن. 姓名 ئازادلىقتىن كېيىنكى مۇقىملاشتۇرۇشتا. مۇئەييەن بىر كىشىنىڭ تولۇق ئىسمى ئۇنىڭ ئىسمىغا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش بىلەنلا ئىخچاملانغان. كېيىنكى يىللاردىكى تەرەققىيات ۋە نىسبەتەن ئېشىپ بېرىۋاتقان مىللىي ئاڭ بىلەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ يېتەكلىشىدە بىر قىسىم زىيالىيلار مەدەنىي قېرىنداش مىللەتلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ جەمەت ئىسمىنى (فامىلىسىنى) غەيرىي رەسمىي شەكىلدە (يەنى قانۇنىي كىنىشكا-كىملىكلەردە يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىسمى+ئاتىسىنىڭ ئىسمى شەكلىدە بولسا، مەتبۇئات ۋە ئۆز ئارا چاقىرىش، تونۇشتۇرۇشلاردا ئۆزىنىڭ ئىسمى+ئاتىسىنىڭ ئىسمى+فامىلىسى ياكى تەخەللۇسى) قوللىنىشماقتا. بەزىلىرى تىرىشىپ-تىرمىشىپ كىملىكلىرىگە يازدۇرۇشماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە قوللىنىشىنى تەرغىپ ۋە تەشۋىق قىلىۋاتقان ياكى قوللاۋاتقان ماقالە-كىتابلارنىڭمۇ نەشر قىلىنىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. بۇ خىل تەتقىقات ۋە تەرغىباتنىڭ خەلق قاتلىمىغا يېيىلىپ بېرىشى، ئەڭ مۇھىمى، خەلقنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئارقىسىدا فامىلە قوللىنىش ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىشى تەدرىجىي ھالدا رويابقا چىقىشى مۇمكىن.

# مەزكۇر كىتابچىنىڭ ھازىرلىنىشىدىكى مەقسەت ۋە ھازىرلىنىش شەكلى

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلىتىمىزنىڭ، ئىلغار مىللەتلەرنىڭ، خۇسۇسەن چەت ئەللەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىش، كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دەستۇرىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئورتاق كۈلتۈر ـ مەدەنىيەت چەمبىرىكە تەۋە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەسىرلەردىكى تەرەققىياتى بىلەن بىزدىن ئالغا بېسىپ كەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىزنىڭمۇ دۇنيادا نام ـ نەسەبى ئۆچمەيدىغان مەدەنىي مىللەت بولۇشىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ۋە نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش ئېھتىماللىقىمىز مەقسەت قىلىنىپ شۇنىڭدەك تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كۈلتۈرى، مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ئازراق بولسىمۇ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە ھازىرلاندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە كېيىنكى يىللاردا ئېشىپ بېرىۋاتقان كىشى ئىسىملىرىدا مىللىيلىشىش ئىستىكى بىلەن فامىلە قوللىنىش ئېھتىياجىغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىشمۇ مەقسەت قىلىنندى. چۈنكى، كىتابچىدىكى نۇرغۇنلىغان تارىخىي كىشى ئىسىملىرى ۋە بەزى ئىسىملار ئۇيغۇرلارغىمۇ ئورتاق بولۇپ، ئانچە يات تۇيۇلمايدۇ

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كىتابچىدىكى كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۈگۈن ياۋروپانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان تۈركلەردە، تۈركىيە، شىمالىي قىبرىس (سىپرۇس)، ئەزەربەيجان، جەنۇبىي ئەزەربەيجان (ئىراننىڭ شىمالىي قىسمى)، ئىراق ۋە سۈرىيىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا ياشاۋاتقان تۈركلەردە

قوللىنىلىش بىلەن بىرگە، يەنە تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان، روسىيىنىڭ تاتارىستان، كاپكازىيە، سىبىرىيە رايونلىرى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ھەر خىل دەرىجىلەردە (بەزىلىرىدە بىرئاز كەڭرى، بەزىلىرىدە بىرئاز ئاز) قوللىنىلماقتا.

كىتابچىدىكى تۈرغۈن ئىسملارنى ھەم كىشى ئىسملىرى شەكلىدە، ھەم فامىلە شەكلىدە قوللىنىش مۇمكىن. مەسىلەن، «ئۇيغۇر، قارلۇق، تىمۇر، بۆرە، ئارسلان...» ھەم كىشى ئىسمى، ھەم فامىلەدۇر.

كىتابچىغا كىرگۈزۈلگەن ئىسملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن تۈركچە بولۇپ، قالغان ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن تامامەن دېگۈدەك ئۆزلەشتۈرۈلۈپ بولۇنغان غەيرىي تۈركچە ئىسملاردۇر.

كىتابچىدىكى كىشى ئىسملىرى ئۈچ ئىستون بويىچە تىزىلدى. بىرىنچى ئىستوندا كىشى ئىسملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلىشى، ئىككىنچى ئىستوندا كىشى ئىسملىرىنىڭ تۈركچە يېزىلىشى بېرىلدى. ئۈچىنچى ئىستوندا بولسا بۇ كىشى ئىسملىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى ياكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەگدىشى بېرىلدى.

# مەزكۇر كىتابچىنى قوللىنىش ياردەمچىسى ۋە قىسقارتمىلار

## 1. تۈرك ئېلىپبەسى توغرىسىدا

بۇ كىتابچىدىكى كىشى ئىسىم-فامىلىلىرى تۈركچە بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئىككىنچى ئىستوندا تۈركچە يېزىلىشىنى ئەينەن بەردۇق. ھازىرقى زامان تۈرك ئېلىپبەسى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن ناتونۇشتۇر. بۇ ناتونۇشلۇق كۆزدە تۇتۇلۇپ، تۆۋەندە تۈرك ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئۇيغۇرچىدا قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

| | |
|---|---|
| ئا | A a |
| ب | B b |
| ج | C c |
| چ | Ç ç |
| د | D d |
| ئە | E e[1] |
| ف | F f |
| گ | G g |
| غ | Ğ ğ[2] |

[1] بۇ ھەرپ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى «ئە» فونېمىسى بىلەن «ئې» فونېمىسى ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئاتۇش رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قەشقەر شېۋىسىدىكى «ئە»گە ئوخشاپراق كېتىدۇ.

[2] بۇ ھەرپ تۈرك ئەدەبىي تىلىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى «غ» بىلەن «ھ»نىڭ ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن تۈركىيەنىڭ جەنۇب تەرەپلىرىدە ياكى بەزى يېزا-قىشلاقلاردا يەنىلا بىزدىكى «غ»غا يېقىن شەكىلدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

| | |
|---|---|
| H h[①] | ھ |
| I ı[②] | تىل ئارقىسىدىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ئى». |
| İ i | تىل ئالدىدىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ئى». |
| J j | ژ |
| K k[③] | ك |
| L l | ل |
| M m | م |
| N n | ن |
| O o | ئو |
| Ö ö | ئۆ |
| P p | پ |
| R r | ر |
| S s | س |
| Ş ş | ش |
| T t | ت |
| U u | ئۇ |
| Ü ü | ئۈ |

① بۇ ھەرپ ئەرەبچە ـ پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەردە كۆپىنچە «ھ» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنسا، ئېتىمولوگىيىسى تۈركچە بولغان سۆزلەردە كۆپىنچە «خ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن كۆنىمىزدە كۆپىنچە ئۇيغۇر تىلىدىكى«ھ» بىلەن «خ» نىڭ ئارىسىدىراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

② بۇ ھەرپ ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بار، لېكىن تۈركچىدىكىدەك مەنا پەرقلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكى بولمىغاچقا، ئايرىم بىر فونېما بەلگىلەنمىگەن. قاراڭ: ئۇيغۇرچىدىكى «قىلىق، غىلاپ، قىز، قىرىق» دېگەن سۆزلەردىكى «ئى» ئادەتتە تىل ئارقىسىدىن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

③ بۇ ھەرپ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن كەلگەندە «ق»غا يېقىن، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن كەلسە «ك»گە يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

ۋ　Vv
ي　Yy
ز　Zz

## 2. ئىسىم-فامىلىلەردىن پايدىلىنىش توغرىسىدا

كىتابچىدا بېرىلگەن ئىسىملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن تۈركچە، زامان نۇقتىسىدىن ھەم تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسمى، ھەم يېقىنقى دەۋرلەردە يېڭىدىن ياسالغان زامانىۋى كىشى ئىسىم-فامىلىلىرى بولۇپ، ھەم كىشى ئىسىملىرى ھەم فامىلىلىرى قىلىپ قوللىنىش مۇمكىن.

بۇ كىتابچىدىكى تارىخىي كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلارغىمۇ ئورتاق بولغان كىشى ئىسىملىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ياكى بۇ خۇسۇستىكى ھاجەتمەنلەر ئېھتىياجىغا ئاساسەن قوللانسا بولىۋېرىدۇ. زاماننىڭ تەرەققىياتى ۋە تۈرك كىشى ئىسىملىرىدىكى مىللىيلىشىش ئېھتىياجى بىلەن كېيىنكى يىللاردا ئوتتۇرىغا چىققان زامانىۋى كىشى ئىسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇرۇنقى ئورتاق تۈركچىنىڭ سۆز بايلىقى ۋە تەپەككۇرى ئاساسىدا ياسالغانلىقى سەۋەبلىك ئۇيغۇرلارمۇ ئەينەن قوللانسا ياكى ئۆز تىل قائىدىسىگە ماسلاشتۇرۇپراق قوللانسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

بۇ كىشى ئىسىم-فامىلىلىرى تۈرك ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ تەرتىپىگە ئاساسەن تىزىلدى.

## 3 .قىسقارتمىلار

كىتابچىدىكى ئىسىم-فامىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن تۈركچە بولسىمۇ، بىر قىسىم ئىسىم-فامىلىلەر ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن تۈركچە ئەمەس. تۈركچە بولمىغان بۇ ئىسىم-فامىلىلەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستېمال جەريانىدا تۈركچىلىشىپ كەتكەن ياكى تۈركلەر تەرىپىدىن ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدىغان ئىسىملارغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ سەۋەبلىك بىز كىتابچىنى ھازىرلاش جەريانىدا ئۇلارغىمۇ مۇئەييەن نىسبەتتە ئورۇن بەردۇق.

ئىسىم-فامىلىلەر ئىزاھلانغاندا پەقەتلا مۇشۇ يات ئىسىملارنىڭ قايسى تىلغا ئائىت ئىكەنلىكى قىسقارتمىلار ئارقىلىق ئىزاھلاپ قويۇلدى. ئىزاھ بېرىلمىگەن ئىسىم-فامىلىلەر بولسا ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن تۈركچە بولغانلىرىدۇر. قىسقارتما ئاساسەن تۆۋەندىكىچە بولدى:

ئەرەبچە (ئە)، پارسچە (پ)، موڭغۇلچە (م)
گرېكچە (گ)، فرانسۇزچە (ف)، خەنزۇچە (خ)
سانسكرىتچە (س).

# تۈركلەردە كۆپ قوللىنىلىدىغان قىز ئىسىملىرى

| تۈركچە يېزىلىشى | كىشى ئىسىملىرى | ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسى ياكى تەگدىشى |
|---|---|---|
| A | ئا | ئا |
| Acarbegüm | ئاجاربەگۈم | ئاجاربەگۈم (ئە+ت). چىرايى گۈزەل، ھۆرمەتكە سازاۋەر خېنىم. |
| Acarcihan | ئاجارجىھان | ئاجارجاھان ( ئە + پ). دۇنيانى ئايدىڭلاتقۇچى. |
| Acargül | ئاجارگۈل | ئاجارگۈل ( ئە + پ). تېز ئېچىلىدىغان گۈل. |
| Acarkan | ئاجارقان | ئاجارقان ( ئە + ت). پاك نەسىل، نەسلى پاك. |
| Acarsu | ئاجارسۇ | ئاجارسۇ (ئە + ت). پاكىز سۇ. |
| Açıl | ئاچىل | ئاچىل[1]. ئېچىلىپ تۇرغۇچى، ئېچىلغان. |
| Açanay | ئاچىلنئاي | ئاچقانئاي. ئايدەك نۇر |

[1] ئاچىل ــــ خارەزم خانلىرىدىن غايۇر خانىنىڭ ئۈچ ئىسمىدىن بىرى. يەنە بىر ئىسمى «ئىنالچىق» ئىدى.

| | | |
|---|---|---|
| ئاچانگۈل | Açangül | ئاچقانگۈل، گۈزەل ئېچىلىدىغان گۈل. |
| ئاچىلئاي | Açılay | ئېچىلئاي. ئايدەك گۈزەل ئېچىلغۇچى، پارلىدىغۇچى. |
| ئادالەت | Adalet | ئادالەت (ئە). توغرىنى ۋە ھەقنى قوغدىغۇچى. |
| ئادار | Adar | ئادار. ئاپتاپلىق/قۇياشلىق كۈنلەرنىڭ باشلىنىشى. |
| ئادىلە | Adile | ئادىلە (ئە ). توغرىنى كۆزىتىدىغان، ئادالەتنى ئايرىلمايدىغان. ھەقنى ھەقسىزدىن ئايرىيالايدىغان كىشى. |
| ئاغچا | Ağca | ئاغچا. رەڭگى ئاق، ئاق تەنلىك. |
| يونجا | Yonca | يونجا. بېدە، قويۇق كۆك رەڭ. |

| | | |
|---|---|---|
| يۇدۇم | Yudum | يۇتۇم. بىر ئېغىزدا ئىچىلگەن سۇ. |
| يۇرداگۈل | Yurdagül | يۇرتقاگۈل. يۇرتىغا، دۆلىتىگە باغلىق، ئىخلاسمەن شەكىلدە يېتىشكەن قىز. يۇرتسۆيەر قىز. |
| يۇرداقۇل | Yurdakul | يۇرتىغاقۇل. يۇرت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىڭ بىلەن تىرىش، يۇرتۇڭغا قۇل بول. |
| يۇرتسەۋ | Yurtsev | يۇرتسۆي. يۇرتنى سۆي. |
| يۈجە | Yüce | يۈجە. بۈيۈك، ئۇلۇغ، يۈكسەك. |
| يۈزبەگۈم | Yüzbegüm | يۈزبەگۈم. خانىملارغا باش بولغۇچى. |

# تۈركلەردە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئوغۇل ئىسىملىرى

| كىشى ئىسىملىرى | تۈركچە يېزىلىشى | ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسى ياكى تەگدىشى |
|---|---|---|
| ئا | A | ئا |
| ئاباقاي | Abakay | ئاباقاي. مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بەزىلىرىدە بىلگەلىك (دانىشمەنلىك) ئۇنۋانى. تاغا. |
| ئاباي | Abay | ئايدىڭلىق، يورۇتقۇچى. هاڭ ـ تاڭ قالدۇرغۇچى. موڭغۇل خانلىرىدىن جۇجى خاننىڭ نەۋرىسى، باتۇخاننىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى. |
| ئابدۇللاھ | Abdullah | ئابدۇللاھ (ئە). تەڭرىنىڭ قۇلى. يېتىم ـ يېسىر قالغان باللارغا بېرىلىدىغان ئات. |
| ئابدۇررەشىد | Abdürreşid | ئابدۇرەشىد[1] (ئە). توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |

[1] ئابدۇرەشىدخان ـــ يەكەن سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخاننىڭ ئوغلى. سەئىدخاندىن كېيىنكى يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى (تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى: 1533_1559 ـ يىللار). مۇھىم دۆلەت ئەربابى

| | | |
|---|---|---|
| ئاجار | Acar | ئاجار. كۆلەر يۈز، قاپ يۈرەك. ئىشنى بىلىدىغان، قولى چاققان، جەسۇر. |
| ئاجارئالپ | Acaralp | ئاجارئالپ. يىگىت، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، قورقماس. |
| ئاجارقان | Acarkan | ئاجارقان. بېجىرىم بىر ئۇرۇقتىن بولغان. |
| ئاجارتۈرك | Acartürk | ئاجارتۈرك. يىگىت تۈرك، قارام تۈرك، كۈچلۈك ۋە بېجىرىم تۈرك. |
| ئاجۇن | Acun | ئاجۇن. دۇنيا، يەر يۈزى. |
| ئاجۇنئال | Acunal | ئاجۇنئال. دۇنيانى ئال. |
| ئاجۇنئالپ | Acunalp | ئاجۇنئالپ. دۇنيا قەھرىمانى. |
| ئاجۇنئاتا | Acunata | ئاجۇنئاتا. دۇنيا ئاتا. دۇنيانىڭ ئاتىسى. |
| ئاجۇنئاي | Acunay | ئاجۇنئاي. دۇنيا گۈزىلى. |
| ئاجۇنباي | Acunbay | ئاجۇنباي. دۇنيا بېيى. |
| ئادار | Adar | ئادار. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا كەڭ قوللىنىلغان بىر ئىسىم بولۇپ، تولغان، پىشىپ-يېتىلگەن دېگەن مەنىدە. |
| ئادەم | Adem | ئادەم(ئە). ئىنسان، ئىنسان بالىسى. تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى. |

ھەربىي قوماندان ۋە سىياسىيون. ئابدۇرەشىدخان ئۆز دەۋرىدە ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە ھۈنەر-سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كاتتا تۆھپە قوشقان پادىشاھ. مەشھۇر مۇقامچى ئامانىساخان سۇلتان ئابدۇرەشىد خاننىڭ خانىشى ئىدى.

| | | |
|---|---|---|
| ئادىل | Adil | ئادىل (ئە). ئادالەتلىك، ھەق بىلەن ناھەقنى توغرا، لىللا ئايرىيالايدىغان، دۇرۇس. |
| ئادىۋار | Adıvar | ئاتىبار. مەشھۇر، داڭلىق، ئىسمى ھەممىگە تونۇلغان. |
| ئاغا | Ağa | ئاغا. ھۆرمەتكە سازاۋەر، يېشى نىسبەتەن چوڭ كىشى. |
| ئاغجا | Ağca | ئاغجا. ئاق، ئاقۇچ. |
| ئاخمەت | Ahmet | ئەخمەت (ئە). مەدھىيىلەنگەن، ياخشى كۆرۈلگەن. |
| ئاقئالىن | Akalın | ئاقئالىن. ئاق پېشانە، پېشانىسى ئوچۇق. |
| ئاقبال | Akbal | ئاقبال. يۈرىكى پاك ۋە تازا. |
| ئاقباي | Akbay | ئاقباي. باي، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى. |
| ئاقبۆرۈ | Akbörü | ئاق بۆرە. ئاق بۆرە: سەلچۇق بەگلىرىدىن پورسۇق بەگنىڭ ئوغلى. |
| ئاقجان | Akcan | ئاقجان (ت+پ). قەلبى پاك دوست. |
| ئاقچاكوجا | Akçakoca | ئاقساقال. كۆپنى بىلىدىغان كىشى، مويسىپىت. |
| ئاقچاي | Akçay | ئاق چاي. سۈپسۈزۈك ئاقىدىغان سۇ. |
| ئاقچورا، ئاقچۇرا | Akçora (Akçura) | شامانىست ئېتىقادىغا كۆرە ياخشى روھ ۋە ياخشىلىق پەرىشتىسى. |

| | | |
|---|---|---|
| | | ماناس داستانىدا كۆرۈلىدىغان بىر بەگ. |
| ئاقداغ | Akdağ | ئاقتاغ. ئانادولۇنىڭ بەزى يەرلىرىدىكى تاغلارنىڭ ئىسمى. |
| ئاقدەمىر | Akdemir | ئاق تۆمۈر. سوقۇلغان تۆمۈر. |
| ئاقگۇل | Akgül | ئاقگۇل. ئاق رەڭدە ئېچىلىدىغان گۇل. ئاق ئەتىرگۇل. |
| ئاقخان | Akhan | ئاقخان. ئۇرۇقى پاك ۋە ساپ خاقان. |
| ئاقىن | Akın | ئاقىن، ئېقىن. ھۇجۇم، تۇيۇقسىز باسقۇن. تۈركلەردىكى بىر خىل ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسى. قازاق ۋە قىرغىزلاردا «ئاقىن» شائىر ۋە مۇزىكانت دېمەكتۇر. |
| ئاقىنجى | Akıncı | ئېقىنچى. ھۇجۇمچى[1]. |
| ئاقىنئالپ | Akınalp | ئاقىنئالپ. ئاقىنچى، ھۇجۇمچى يىگىت، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىغۇچى قەھرىمان. |
| ئاققايا | Akkaya | ئاققىيا. ئاق رەڭلىك قىيا. |

[1] ئاقىنجىلار ــــ دۈشمەن تۇپراقلىرىغا «ئاقىن» تەرتىپلەيدىغان جەڭگىۋار، قورقماس ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. يەنى ئارمىيە دۈشمەن زېمىنىگە سەپەر ۋە ئىستېلا ھازىرلىقى باشلىغان چاغدا، دۈشمەن تەرەپنى ھودۇقتۇرۇش، بوشاشتۇرۇش، بولۇپمۇ دۈشمەن تەرەپنى ئالاقزادە قىلىۋېتىش مەقسىتىدە، ئەڭ تاللانغان جەڭگىۋار يىگىتلەردىن تەشكىللەنگەن كىچىك بىرلىكلەر دۈشمەنگە ھۇجۇم قوزغايدۇ. بۇ خىل بىرلىكتىكى ئەسكەرلەر ئادەتتە «ئاقىنجىلار» دېيىلىدۇ. بۇ خىل بىرلىك ئوغۇزلارنىڭ ئەسكىري تەشكىلاتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ئاقىنجىلار ئەڭ ئالدىنقى سەپلەردە، ھەتتا دۈشمەن تۇپراقلىرىدا پائالىيەت قىلىدىغان قورقماس، جەڭگىۋار ھەتتا تەلۋە جەڭچىلەردىن تەشكىل قىلىناتتى.

| | | |
|---|---|---|
| ئاققۇش | Akkuş | ئاققۇش. ئاق تەلەي قۇشى. |
| ئاقسوي | Aksoy | ئاقسوي. ئۇرۇقى پاك ۋە ئېسىل. |
| ئاقتۈرك | Aktürk | ئاقتۈرك. پاك ئۇرۇغلۇق تۈرك. |
| ئالاق | Alak | ئالاق. يوقاتقۇچى، ئۆلتۈرگۈچى، ئالغۇچى، ئۇۋلىغۇچى. ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلىدىغان بىر بەگنىڭ ئىسمى. |
| ئالاش | Alaş | ئالاش. پۈتۈن قىپچاقلارنىڭ (قىرغىز، قازاق، نوغاي، تاتار، باشقىرتلار) ئەڭ ئۇلۇغ ئاتىلىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ئۇران (يېتىش ئارزۇ قىلىنغان نىشان، ھەتتا ئەڭ ئۇلۇغ جەڭگىۋار شوئار) بولغانىدى. ئالاش ئۇلارنىڭ غايىۋى بىرلىشىش ئىدېئالى. |
| ئالبايراق | Albayrak | ئالبايراق. قىزىل رەڭلىك بايراق، تۈرك بايرىقى. |
| ئالەمدار | Alemdar | ئەلەمدار. بايراقدار، بايراق تۇتىدىغان ئەسكەر. |
| ئالغان | Algan | ئالغان. بويسۇندۇرغان، ئۆز تەسىرىگە ئالغان. |
| ئالغۇخان | Alguhan | ئالغۇخان[1]. |
| ئالقان | Alkan | ئالقان[2]. قىزىل قان، قاندەك ئەزىز. |

[1] ئالغۇخان ـــ چاغاتاي خانىنىڭ نەۋرىسى، چاغاتاي خانلىرىنىڭ بەشىنچىسى، ئالتۇن ئوردا خانلىرىدىن مەڭگۇ تىمۇر خانىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى.

[2] ئالقان ـــ سەلجۇقلۇ زامانىدىكى بىر باشبۇغنىڭ ئىسمى، رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇشقان قوماندان.

| | | |
|---|---|---|
| ئالپ | Alp | ئالپ. يىگىت، قەھرىمان، باھادىر، جەسۇر، باتۇر، پالۋان. |
| ئالپاگۇ | Alpagu | ئالپاغۇ[1]. دۈشمەنگە ئۆزى يالغۇزلا ھۇجۇم قىلىدىغان قورقماس كىشى. |
| ئالپاغۇت | Alpagut | ئالپاغۇت. ئالپلىق كۆرسەتكەن كىشى، بۆرە ئۇرۇقىدىن كەلگەن، تاللانغان، خىللانغان كىشى. |
| ئالپان | Alpan | ئالپان. قەھرىمان باشبۇغ (قوماندان). |
| ئالپئاسلان<br>ئالپارسلان<br>(ئالپ ئارسلان) | Alpaslan/<br>Alparslan | ئالپئاسلان، ئالپئارسلان[2]. كۈچلۈك قەھرىمان. بۈگۈنكى ئىران بىلەن ئىراقتا ھۆكۈم سۈرگەن بۈيۈك سەلجۇقلۇلارنىڭ ئىككىنچى پادىشاھى (چاغرى بەگنىڭ ئوغلى)بولۇپ، تارىختا مەشھۇر جەڭلىرى بار. |
| ئالپاي | Alpay | ئالپئاي. ئاي كەبى پارقىراق، نۇرلۇق جەڭچى. |
| ئالپئاتا | Alpata | ئالپئاتا. يىگىت ئاتا، يۈرەكلىك، باتۇر دادا. |

[1] ئالپاغۇ ــــ قەدىمكى تۈركلەرنىڭ زامانىدا بىر خىل بۆرە بولۇپ، ئۇ دەۋردە كىشى ئىسمى شەكلىدىمۇ قوللىنىلغانىدى. يەنە «تاللانغان يىگىت» دېگەن مەنىسىمۇ بار.

[2] ئالپئارسلان ــــ يىگىتلىكىگە ئوخشاشلا، توغرىلىقنى، دۇرۇسلۇقنى، سەمىمىيلىكنى ياخشى كۆرىدىغان سەلچۇقلارنىڭ مەشھۇر خاقانى.

| | | |
|---|---|---|
| ئالپئايا | Alpaya | ئالپئايا[1]. ئەسلىدە ئالپئاياغ بولۇپ، كېيىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان. |
| ئالپبىلگە | Alpbilge | ئالپبىلگە. ھەم يىگىتلىكتە، ھەم باشقۇرۇش ۋە سىياسەتتە بىرىنچى كىشى. |
| ئالپبىلگەن | Alpbilgen | ئالپبىلگەن. قەھرىمانلىقنى بىلگەن، چۈشەنگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئۇنۋان. |
| ئالپدەمىر | Alpdemir | ئالپتۆمۈر. تۆمۈردەك چىڭ ۋە چىداملىق يىگىت. |
| ئالپەر | Alper | ئالپەر. (ئالپ+ئەر). قەھرىمان ئەر، جەسۇر يىگىت، ئوغۇل بالا. |
| ئالپەرەن | Alperen | ئالپەرەن (ئالپ+ئەرەن)[2]. باتۇر ئەر، ئەرگە خاس يىگىت. |
| ئالپەرتۇڭا | Alpertunga | ئالپئەرتوڭا (ئالپ+ئەر+توڭا). تارىختىكى تۈرك خاقانىنىڭ ئىسمى. تۈركلۈك ۋە يىگىتلىك سىمۋولى. |
| ئالپخان | Alphan | ئالپخان. قەھرىمان باشبۇغ (باش قوماندان). |

[1] ئالپئايا___كۆكتۈرك دەۋرىدىكى مەشھۇر سەركەردە كۈرشاد بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاب قوزغىغان 40 قەدىناسنىڭ بىرى.

[2] ئالپئەرەن___تۈرك مىللىي ئەنئەنىسىگە كۆرە ئالپەرەن/ئالپئەرەن___جەڭچى ۋە جەڭگىۋار دەرۋىشلەرگە بېرىلگەن ئاتتۇر.

| | | |
|---|---|---|
| ئالپقان | Alpkan | ئالپقان. يىگىت قېنى بار بولغان، ئۇرۇقىدا يىگىتلىك بار بولغان. |
| ئالپتېكىن | Alptekin | ئالپتېكىن①. باتۇر شاھزادە. ئىشەنچلىك، ئەردەملىك ۋە دۇرۇس قەھرىمان. |
| ئالتەمۇر | Altemür | ئالتۆمۈر. قىزىق ھالدىكى تۆمۈر. |
| ئالپتۇغ | Alptuğ | ئالپتۇغ. جەڭگىۋارلىقى تۇغ بىلەن مۇكاپاتلانغان. |
| ئالتان | Altan | ئالتان. تاڭ سەھەرنىڭ قىزىللىقى. تۈركچىدىكى ئالتۇن سۆزىنىڭ موڭغۇلچىدىكى تەلەپپۇزى. |
| ئالتاي | Altay | ئالتاي. قىزىل رەڭلىك بۆرە بالىسى. |
| ئالتىنئوق | Altınok | ئالتۇنئوق. ئالتۇندىن قىلىنغان ئوق. |
| ئالتىنسوي | Altınsoy | ئالتۇنسوي. ئالتۇندەك قىممەتلىك نەسەبتىن بولغان. ئېسىل ئۇرۇق. |
| ئالتۇغ | Altuğ | ئالتۇغ. قىزىل تۇغ، قىزىل تۇغلۇق. |
| ئالتۇنئەر | Altuner | ئالتۇنئەر. ئالتۇندەك قىممەتلىك كىشى. ھۆرمەتكە سازاۋەر، مۆتىۋەر. |
| ئالتۇنچ | Altunç | ئالتۇنچ. قىزىل رەڭلىك تۇچ. |
| ئانداچ | Andaç | يادىكار. ئەسلەنمەك ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە، ئارماغان. |
| ئانت | Ant | ئەنت. قەسەم، سۆز بېرىش. |

① ئالپتېكىن ـــ غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى (963 ـ يىلى ۋاپات بولغان).

| | | |
|---|---|---|
| ئاپئايدىن | Apaydın | ئاپئايدىڭ. ئوپئوچۇق، ناھايىتى يورۇق. |
| ئاراس | Aras | ئاراس. ئىسسىق تۇتىدىغان قېلىن يۇڭ. |
| ئارات | Arat | ئارات. يۈرەكلىك، جەسۇر. |
| ئارجان | Arcan | ئارجان. ئاق كۆڭۈل. |
| ئاردا | Arda | ئاردا. ھۆكۈمدار ياكى ۋەزىرنىڭ ھاسىسى. قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلىدىغان بىر تۈرك. ئىزباسار. |
| ئارخان | Arhan | ئارخان. پاك، يۈرەكلىك ۋە ھەققانىيەتچى خاقان. |
| ئارى | Arı | ئارى. تاپتازا، ساپ. |
| ئارىق | Arık | ئارىغ. پاكلانغان، تازا، ئۈستۈن كىشى. |
| ئارىقۇت | Arıkut | ئارىغقۇت. پاك ۋە قۇتلۇق. |
| ئارسلان | Arslan | ئارسلان. كۈچلۈك يىگىت، شىردەك يىگىت. جاسارەت، ھۇجۇم ۋە قورقماسلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. |
| ئارسلانخان | Arslanhan | ئارسلانخان. جەسۇر خان. قارلۇقلارنىڭ خاقانىنىڭ ئىسمى. قاراخانىيلارنىڭ خانلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. |

| | | |
|---|---|---|
| ئارسلان يابغۇ | Arslanyabğu | ئارسلان يابغۇ[1]. جەسۇر، كەسكىن بەگ (ۋالىي)، يابغۇ. |
| ئارىسوي | Arısoy | ئارىغىسوي. ئۇرۇقى ساپ بولغان. |
| ئارىسۇ | Arısu | ئارىغسۇ. گۈزەل سۇ. |
| ئارغۇن | Argun | ئارغۇن. ئاباقاي خانىنىڭ ئوغلى ۋە ئىلخانلىقلارنىڭ تۆتىنچىسى ئىدى. ئارغۇن خان چىڭگىزخانىنىڭ تۆرە، قانۇنلىرىغا بەك رىئايە قىلارمىش. |
| ئارپات | Arpat | ئارپات. قەدىمكى هون (ياۋروپا هونلىرى) خانلىرىدىن بىرى بولۇپ، ياۋروپا هونلىرىنى بۈگۈنكى هونگارىيە(ۋېنگرىيە) گە يەرلەشتۈرگەن خان ئىدى. |
| ئارسال | Arsal | ئارسال. بەدىئىي، بۇغداي ئۆڭ، پاك ۋە ئىشچان. |
| ئارماغان | Armağan | ئارمغان. بىرىنى سۆيۈندۈرۈش ئۈچۈن ياندۇرۇقسىز بېرىلگەن يالداما، ياخشى كۆڭۈلنىڭ خاتىرىسى. |
| ئاسلىبەي | Aslıbey | ئەسلىبەگ. بەگ بالىسى، تېگى-تەكتى ئېسىل كىشىلەر. |
| ئاتا | Ata | ئاتا. پېشقەدەم، مۆھتەرەم كىشى. |
| ئاتابەك | Atabek | ئاتابەگ. سەلچۇقلۇ دەۋرىدە شاهزادىلەرنىڭ تەلىم-تەربىيىسىگە |

---

[1] ئارسلان يابغۇ —— كۆكتۈرك دەۋرىنىڭ ۋالىيلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. چاغرى ۋە تۇغرۇلبەگنىڭ تاغىسى.

مەسئۇل خادىملارغا بېرىلگەن ئات. دۆلەت ئىدارىسىدا ھوقۇقى بار كىشى.

| | | |
|---|---|---|
| ئاتابەي | Atabey | قاراڭ: ئاتابەك. |
| ئاتاجان | Atacan | ئاتاجان. جانغا يېقىن. ئاتا مېھرى بار بولغان، غەمخور، غەمگۇزار. |
| ئاتاخان | Atahan | ئاتاخان. باشبۇغلارنىڭ يەنى باش قوماندانلارنىڭ ئەڭ تەجرىبىلىكى ۋە پىشىپ يېتىلگىنى. |
| ئاتاقان | Atakan | ئاتاقان. ئاتا ئۇرۇقىدىن بولغان. قېنى ئۆزگەرمىگەن، ئۇرۇقى پاك. |
| ئاتاقۇت | Atakut | ئاتاقۇت. مۇقەددەس ئۇرۇق. |
| ئاتالاي | Atalay | ئاتالاي. مەشھۇر بولغان، داڭقى چىققان كىشى. بەزى تارىخچىلار ئاتىللا ئىسمىنىڭ «ئاتالاي»دىن ئۆزگەرگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. |
| ئاتالىق | Atalık | ئاتالىق. مىراس، ئاتالغان. |
| ئاتامان | Ataman | ئاتامان①. سايلانغان باشلىق. بۈيۈك، ئۇلۇغ كىشى. |
| ئاتاساغۇن | Atasağun | ئاتاساغۇن. ھەكىملەرنىڭ ئاتىسى، ئەڭ ئۇلۇغ ھەكىم. شامانىست ئەنئەنىدىمۇ ئەڭ ياخشى قاملار ئاتاساغۇن دېيىلىدۇ. |

① ئاتامان ـــ بەزى تارىخچىلار ئوسمانلىنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان بەگنىڭ ئەسلىي ئىسمىنىڭ ئاتامان ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| ئاتاتۈرك | Atatürk | ئاتاتۈرك[1]. تۈركلەرنىڭ ئاتىسى. |
| ئاتاسەۋ | Atasev | ئاتاسۆي. ئۇرۇقۇڭنى سۆي، ھۆرمەت قىل، دېگەن مەنىدە. |
| ئاتاسوي | Atasoy | دادا ئۇرۇقى. ئاتا ئۇرۇقىنى داۋام قىلدۇرۇپ كەلگەن. |
| ئاتىلاي | Atılay | ئاتىلئاي. ئايغا قاراپ ئىلگىرىلە، يورۇقلۇققا قاراپ يۈگۈر. غەربىي ھون ئىمپېراتورى. |
| ئاتىلخان | Atılhan | ئاتىلخان، ئېتىلخان. جاسارەتلىك يىگىت خاقان. |
| ئاتىللا | Atilla | ئاتىللا. غەربىي ھونلارنىڭ خاقانى. |
| ئاتلىخان | Atlıhan | ئاتلىقخان. رىۋايەتلەرگە كۆرە ئوغۇزخاننىڭ ئاتىسى. |
| ئاتسىز | Atsız | ئاتسىز، نامسىز. قەدىمكى تۈرك، ئۇيغۇرلاردا مەلۇم بىر شەخس ھەرقانداق بىر ساھەدە نەتىجە قازىنىپ ئۆزىنى جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلدۇرالىغۇچە «ئاتسىز» دەپ ئاتىلاتتى. |

[1] ئاتاتۈرك ــــ 1934 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى مەخسۇس قانۇن چىقىرىپ، غازى مۇستافا كەمال [1881 ـ يىلى ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ سەلانىك (بۈگۈنكى گرېتسىيەدە) شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1938 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان بۈيۈك داھىي، ھەربىي قوماندان، سىياسىيون ۋە دۆلەت ئەربابى] ئۈچۈن بەرگەن فامىلە بولۇپ، مەزكۇر قانۇندا يەنە «ئاتاتۈرك» فامىلىسىنى غازى مۇستافا كەمالدىن باشقا ھەرقانداق شەخسنىڭ ئىشلىتىشى ئەبەدىي مەنئى قىلىنغان. بۇ سەۋەبلىك، «ئاتاتۈرك» دېگەن فامىلە پەقەت ۋە پەقەت مۇستافا كەمالغىلا خاس بولغان.

| | | |
|---|---|---|
| ئاۋشار | Avşar | ئاۋشار. بىر تۈركمەن بوينىنىڭ (قەبىلىسىنىڭ) ئىسمى. |
| ئايئاتا | Ayata | ئايئاتا. قەدىمكى تۈرك ئەقىدىلىرىگە كۆرە ئاي تەڭرىسى. |
| ئايئايدىن | Ayaydın | ئايئايدىڭ. ئايدەك يورۇق. |
| ئاياز | Ayaz | ئاياز. قۇرۇق سوغۇق. مەلىك شاھنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمىمۇ ئاياز ئىدى. |
| ئايبار | Aybar | ئايبار. ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان كىشى. |
| ئايبارس | Aybars | ئايبارس. ھون خاقانى ئاتىللانىڭ تاغىسىنىڭ ئىسمى. |
| ئايبەك | Aybek | ئايبەك. قەدىمكى تۈرك دۆلەتلىرىدە قورغۇچى. |
| ئايبەرك | Ayberk | ئايبەرك. ئايدەك نۇرلۇق، پاك يىگىت. |
| ئايبورا | Aybora | ئايبورا. ئاي قەدەر گۈزەل ۋە بوران قەدەر ۋەيران قىلغۇچى. |
| ئايجان | Aycan | ئايجان. ئىچكى دۇنياسى ئايدەك پاك ۋە يورۇق. |
| ئايدار | Aydar | ئايدار. ماناس داستانىدىكى بىر قەھرىمان. قەدىمكى تۈركچىدە "كوكۇلا" مەنىسىدە كېلەتتى. |
| ئايدەنىز | Aydeniz | ئايدېڭىز. ئايدەك پارقىراق بىپايان دېڭىز. |
| ئايدىن | Aydın | ئايدىڭ. بىلىملىك، مەلۇماتلىق، ئۇزاقنى كۆرەلەيدىغان دانىشمەن |

| | | |
|---|---|---|
| | | كىشى. قۇتلۇق، تەلەيلىك. ئايدىڭ كېچە. سەلجۇقلۇ بەگلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. |
| ئايدىنئالپ | Aydınalp | ئايدىڭئالپ. بىلىملىك، ئۇزاقنى كۆرەلەيدىغان قەھرىمان. |
| ئايگۈن | Aygün | ئايكۈن. گۈزەل ۋە مەنىلىك ئۆتكەن بىر كۈن. |
| ئايخان | Ayhan | ئايخان①. ئايدەك نۇر چاچىدىغان، يارىشىملىق، قەلبى پاك. |
| ئايقال | Aykal | ئايقال. تۇغۇلغان چاغدىكىدەك، پارلاق ۋە گۈزەل، داغسىز-قۇسۇرسىز بولۇش تىلىكى. |
| ئايقان | Aykan | ئايقان. ساپ قان، پاك ۋە دۇرۇس ئىنسان. |
| ئايقۇت | Aykut | ئايقۇت. مۇكاپات، ئاينىڭ مۇقەددەسلىكى. |
| ئايقۇتئالپ | Aykutalp | ئايقۇتئالپ. مۇكاپاتلانغان يىگىت، قەھرىمان. |
| ئايقۇتلۇق | Aykutluk | ئايقۇتلۇق②. ئايدەك سائادەتلىك، مۇبارەك. |

① ئايخان ـــ ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلىدىن ئىككىنچىسى ئىدى. كۈنخان ئوغۇزخان ئۆلگەندىن كېيىن خاقان بولغانىدى.
② ئايقۇتلۇق ـــ كۆكتۈرك دەۋرىدىكى مەشھۇر سەركەردە كۈرشاد بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاب قوزغىغان 40 قەدىناسىنىڭ بىرى.

| | | |
|---|---|---|
| ئايتېكىن | Aytekin | ئايتېكىن[1]. ئايدەك نۇرلۇق ۋە تەلەيلىك شاھزادە. |
| ئايتىمۇر | Aytimur | ئايتىمۇر. ئايدەك پارقىرايدىغان تۆمۈر. |
| ئايتۆرە | Aytöre | ئايتۆرە. پاك ۋە گۈزەل ئادەت ـ ئەنئەنىلەر. |
| ئايتۇغ | Aytuğ | ئايتۇغ. كۆرۈنۈشى ئايدەك ھەيۋەتلىك ۋە نۇرلۇق تۇغ. |

## ب B ب

| | | |
|---|---|---|
| بابۇر | Babur | بابۇر[2] (پ). بىر خىل قاپلان، كۆرەڭلىمەك. |
| باباجان | Babacan | باباجان. پەزىلەتلىك، پىشقان، ئىشەنچلىك ۋە غەمخور. |
| باغاتۇرشاد | Bağaturşad | باغاتۇرشاد[3]. باھادىر، قەھرىمان گېنېرال. |
| باغىش | Bağış | باغىش. ئىنئام، خالىس بېرىلگەن ماددىي نەرسىلەر. |

[1] ئايتېكىن ــــ تۇغرۇل بەگ دەۋرىدە غەزنەۋىيلەر ئارمىيىسىدىن ئايرىلىپ سەلجۇقلۇلارغا قوشۇلغان بىر بەگ.

[2] بابۇر (1482ــــ1530) ــــ ھىندىستاندىكى تۈرك دۆلىتى ــــ بابۇرىيلەر سۇلالىسىنى قۇرغان ھۆكۈمدار. ئاقساق تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى.

[3] باغاتۇرشاد ــــ كۆكتۈرك قاغانلىرىدىن بىرى (كۆرشادنىڭ تاغىسى قارا قاغاننىڭ قاغان بولۇشتىن بۇرۇنقى ئىسمى).

| | | |
|---|---|---|
| باھادىر | Bahadır | باھادىر[1]. قەھرىمان، يىگىت، جەڭچى. |
| بالامىر | Balamir | بالامىر[2] (ت+پ). ھون ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئىمپېراتورلىرىدىن بىرى. |
| بالاتېكىن | Balatekin | بالاتېكىن. سۇلتانلارنىڭ كىچىك بالىسى. |
| بالخان | Balhan | بالخان. قىممەتلىك، سەممىي خاقان. |
| بالقان | Balkan | بالقان. زىچ ئورمانلار بىلەن قاپلانغان تاغ تىزمىلىرى. |
| بانگۇ | Bangu | بانگۇ. ۋارقىراش، يۇكسەك ئاۋاز. |
| باراق | Barak | باراق. ناھايىتى ئەقىللىق بىر خىل ئوۋ ئىتى. |
| باران | Baran | باران. كۈچ، ئېنېرگىيە. بۇغداي ئۆڭ. ساپان شەكىللەندۈرگەن ئىز. |
| بارانئالپ | Baranalp | بارانئالپ. يىگىت جەڭچى. |
| بارانسەل | Baransel | بارانسەل. كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. |
| باربا روس | Barbaros | باربا روس. ئەسلىي ئىسمى خىزىر رەئىس بولۇپ، ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مەشھۇر قوماندانى ھايرەتتىن پاشانىڭ ئۇنۋانى[3]. |

---

① باھادىر شاھ ( 1775 ــــ 1862 ) ـ ھىندىستاندىكى تۈرك دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدارى (پارسچىدىكى «باھا»دىن تۈرلەنگەندەك كۆرۈنسىمۇ، بىرىنچىدە ئەسلەن تۈركچە بولغان «باغاتۇر»نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يالىسىدىن ياكى ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلىش جەريانىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن پەيدا بولغاندۇر).

② بالامىرـــــئەسلىدە بالامبەر ئىسمى بىلەن تونۇلغان غەربىي ھونلارنىڭ تۇنجى ھۆكۈمدارى. بالامىر چىچى يابغۇنىڭ تۇققۇزىنچى، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئون بەشىنچى پۇشتىدىن ئىدى.

③ باربا روس پاشا (1473ــــ1546) ــــ ئوسمانلىلارنىڭ ئاق دېڭىز (ئوتتۇرا يەر دېڭىزى) دا بىردىنبىر ھاكىم كۈچ بولۇشىدا ئەڭ چوڭ تۆھپە قوشقان. شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئوسمانلى

| | | |
|---|---|---|
| باريش | Barış | باريش[1]. ئىنچلىق. ئۇرۇشتىن ۋە ئۇقۇشماسلىقلاردىن كېيىنكى يارىشىش، ئاداۋەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى. |
| بارلاس | Barlas | بارلاس. پاك ـ تازا؛ ئۇرۇشقاق، جەڭگىۋار. بارلاس ئۇرۇقى: ئاقساق تۆمۈرنىڭ ئۇرۇقى. |
| بارماقلاق | Barmaklak | بارماقلاق. بارغۇچى، يېتىشەلىگۈچى؛ بايلىق. كۆكتۈرك بەگلىرىدىن بىرى ۋە مەشھۇر قوماندان كۈرشاد بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاب قوزغىغان قىرىق قەدىناسىنىڭ بىرى. |
| بارتۇ | Bartu | بارتۇ. قەدىمكى تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى. |
| بارتۇنچ | Bartunç | بارتۇنچ. كۈچلۈك، ساغلام، تۇچتەك قاتتىق. |
| بارۇت | Barut | بارۇت. ئوق دورىسى. ئوڭايلا قىزىرىدىغان. |
| بارسبەگ | Barsbeg | بارسبەگ. بىلگە قاغان ۋە كۈلتېگىننىڭ قىز قېرىندىشىنىڭ يولدىشىنىڭ ئىسمى. |
| باسقىن | Baskın | باسقىن. توغرا كۆزقاراشلىرى بىلەن بىلىنىپلا تۇرىدىغان. خەۋەرسىزلا تۇتۇۋالىدىغان، تۇيۇقسىزلا بېسىپ |

---

ھاكىمىيىتىگە كىرىشنى قولايلاشتۇرغان، پۈتۈن ياۋروپا دېڭىزچىلىرىنى تىترەتكەن مەشھۇر قوماندان. 1533 ـ يىلى ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولغان.

[1] بارىش مانچو — 1999 ـ يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر تۈرك سەنئەتچىسى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىجادىيەتلىرى ئۇيغۇر سەنئەتچىلەر تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ئېيتىلغان.

كىرمەك.

| | | |
|---|---|---|
| باشار | Başar | باشار. بىرلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئادا قىل ۋە توساقلار ئېشىپ مەقسەتكە يەت، دېگەن مەنىدە. |
| باشاران | Başaran | باشاران. باشقا ئېلىپ چىققان. بىرلىگەن ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان. |
| باشات | Başat | باشات. ئوخشاشلىرى ئىچىدە ئەڭ ئالدىدىكىسى. |
| باشبۇغ | Başbuğ | باشبۇغ. قەدىمكى تۈركلەردە باش قوماندان. رەئىس، لىدەر، باشلىق، سەردار، سەركەردە. |
| باشئەگمەز | Başegmez | باشئەگمەس.قورقماس، نومۇسنى، ۋىجدانىنى قوغدىيالايدىغان. |
| باشەر | Başer | باشئەر. باشتا كېلىدىغان يىگىت. |
| باشخان | Başhan | باشخان. خانلارنىڭ ئەڭ باشتىكىسى. |
| باشقان | Başkan | باشقان. باشلىق، بىرەر گۇرۇپپىنىڭ بېشى بولغان كىشى. |
| باشقۇرت | Başkurt | باشقۇرت[1]. قىپچاقلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، بۈگۈنكى روسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى باشقۇرت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى |

---

[1] باشقۇرتلار تاتارلارغا ئەڭ يېقىندۇر. دۇنياغا مەشھۇر تۈرك تارىخچىسى زەكى ۋەلىدىي توغان باشقۇرت خەلقىدىن ئىدى.

ئاھالىسى.

| | | |
|---|---|---|
| باشقۇت | Başkut | باشقۇت. ئەڭ ئۇلۇغ، مۇقەددەس. |
| باشمان | Başman | باشمان. باشلىق، يولباشچى. |
| باشئول | Başol | باشبول. باشچى بول. |
| باشتۇغ | Baştuğ | باشتۇغ. سۇلتاننىڭ تاجى، پۆپۈكى. |
| باتىخان | Batıhan | باتىخان، غەربخان. غەربنىڭ سۇلتانى. |
| باتىقان | Batıkan | باتىقان. ئۇرۇقى غەرب تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. |
| باتىراي | Batıray | باتۇرئاي. يىگىت ۋە يولباشچى. |
| باتتال | Battal | باتتال. مۇمكىنقەدەر چوڭ، يوغان. |
| باتۇ | Batu | باتۇ. كۈچلۈك، چىداملىق يىگىت، چىداملىق، مۇستەھكەم. |
| باتۇخان | Batuhan | باتۇخان[1]. كۈچلۈك ھۆكۈمدار. |
| باتۇر | Batur | باتۇر. يىگىت، باھادىر. |
| باتۇرئالپ | Baturalp | باتۇرئالپ. يىگىتلىكى بىلەن داڭقى چىققان قەھرىمان. |
| باتۇرئاي | Baturay | باتۇرئاي. ھەم باتۇر، ھەم ئايدەك بولغان. |
| باي | Bay | باي. بايلىق، ئۈستۈنلۈك، ھۆكۈمرانلىق، ئەركىنلىك قاتارلىق مەنالارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىم بىر ئىسىم. ئادەتتە ئايرىم ۋە ئىسىملارنىڭ ئالدىغا ھەم |

[1] باتۇخان —— چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى. جۇجى خاننىڭ ئوغلى ۋە ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. روسىيە، ئۇكرائىنا، پولشا ۋە ھونگارىيىنى بويسۇندۇرۇپ چېگرىسىنى گېرمانىيىگىچە كېڭەيتكەن مەشھۇر قوماندان، خاقان.

| | | |
|---|---|---|
| | | كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. |
| بايار | Bayar | بايار. ئۇلۇغ ۋە ئېرىشمەك قىيىن بولغان. |
| بايات | Bayat | بايات. قىممەتلىك، دۆلەتمەن ۋە نېمەتلىرى مول. ئوغۇزلارنىڭ بىر تارمىقى. |
| بايبارس | Baybars | بايبارس[1]. كىچىك قاپلان. |
| بايبورا | Baybora | بايبورا. قويۇن. |
| بايبۆرۈ | Bayböru | بايبۆرۈ[2]. بۈيۈك ۋە مۇقەددەس بۆرىنىڭ ئىسمى. |
| بايجان | Baycan | بايجان. باي كىشى. |
| بايدار | Baydar | بايدار. تاللانغان، ھۆرمەتلەنگەن كىشى. 9 ـ ئەسىردىكى ئىلخانلى تۈرك دۆلىتىنىڭ باشبۇغى. |
| بايدىر | Baydır | بايدىر. قۇۋۋەتلىك، كۈچى كۆپ. |
| بايدۇر | Baydur | بايدۇر[3]. يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ باشلىقى. «باي پېتىچە قال، باي ياشا» دېگەندەك مەنىسىمۇ بار. |
| بايدۇرئالپ | Bayduralp | بايدۇرئالپ. جەسۇر جەڭچى. |
| بايخان | Bayhan | بايخان. باي خان. |
| بايەر | Bayer | بايەر. باي ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر |

[1] بايبارس سۇلتان (1223ـــ1277) ـــ قىپچاقلار تەرىپىدىن مىسىردا قۇرۇلغان تۈرك مەملۇك سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى.

[2] بايبۆرۈ ـــ «دەدە قورقۇت» داستانىدىكى بايىندىرخانىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى. يەنە شەيبانىخانىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى.

[3] بايدۇرـــچىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىسى، چاغاتاي خانىنىڭ ئوغلى.

| | | |
|---|---|---|
| | | كىشى. |
| بايقال | Baykal | بايقال. ياۋايى بايتال. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر كۆلنىڭ ئىسمى. |
| بايقان | Baykan | بايقان. ئېسىل ئۇرۇقتىن كەلگەن. |
| بايقارا | Baykara | بايقارا[1]. رەڭلىك بىر خىل قۇش. |
| بايقۇرت | Baykurt | بايقۇرت. ھۆرمەتلەنگەن بۆرە. |
| بايقۇت | Baykut | بايقۇت. قەلئە قوغدىغۇچىسى، مۇھاپىزەتچىسى. |
| بايراق | Bayrak | بايراق. رەختتىن ھازىرلانغان، ئۈستىدە ھەر خىل شەكىللەر ۋە سىمۋوللار بار بولغان، مۇئەييەن بىر ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولىدۇر. |
| بايراقتار | Bayraktar | بايراقچى. ئۇرۇشتا، ئەسكىرىي ھەرىكەتلەردە بايراق كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان كىشى. |
| بايرام | Bayram | بايرام. پۈتۈن خەلق، مىللەت تەرىپىدىن قۇتلۇقلىنىدىغان تارىخىي، رەسمىي ياكى دىنىي خاتىرە كۈنلىرى. |
| بايسۇ | Baysu | بايسۇ. ئەسكەرباشى. ئەسكەرلەرنىڭ بېشى. بۇيرۇق بەرگۈچى. مول ۋە بەرىكەتلىك، شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۇ. |
| بايسۇنگۇر | Baysungur | بايسۇنغۇر. يىرتقۇچ بۈركۈتلەرنىڭ |

① ھۈسەيىن بايقارا (1438—1507) — خوراسانلىق مەشھۇر دۆلەت ئەربابى. نەۋائىينىڭ دەۋردىشى.

بىر خىلى.

| | | |
|---|---|---|
| بايتۇرسۇن | Baytursun | بايتۇرسۇن. ئەبەدىي باي ـ باياشات تۇرغاي. |
| بايتېكىن | Baytekin | بايتېكىن. مال ـ مۈلكى بار شاھزادە. |
| بەگ | Beg | بەگ. بايلىق، ئەركىلىك، باشقۇرغۇچى، تەشكىللىگۈچى. |
| بەك | Bek | بەك. ساغلام، چىداملىق. |
| بەكئالپ | Bekalp | بەكئالپ. كۈچلۈك قەھرىمان، يۈرەكلىك. |
| بەكئاتا | Bekata | بەكئاتا. سەلجۇقلۇ بەگلىرىگە بېرىلگەن بىر ئىسىم. |
| بەكجان | Bekcan | بەكجان. كۈچلۈك، چىداملىق، ساغلام يۈرەكلىك. |
| بەكتاش | Bektaş | بەكتاش. تەڭتۇش، تەڭدىمەت، ئوخشىشى. |
| بەكتىمۇر | Bektimur | بەكتىمۇر. تۆمۈردەك كۈچلۈك ۋە چىداملىق. |
| بەكتۆرە | Bektöre | بەكتۆرە. تۆرەلىرىگە بەك باغلىق. |
| بەكتۇغ | Bektuğ | بەكتۇغ. تۇغ بېرىلگەن مەرتىۋىدىكى كىشى. |
| بەكتۈرك | Bektürk | بەكتۈرك. كۈچلۈك تۈرك. |
| بەلگە | Belge | بەلگە. ئىسپات، بەلگە. مۇئەييەن بىر تېمىنى، بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدىغان ماددىي ۋاستە. |

| | | |
|---|---|---|
| بەلگەتېگىن | Belgetegin | بەلگەتېگىن[1]. خانزادە، ئېسىلزادە. |
| بەنگى | Bengi | مەڭگۈ. ئەبەدىي. |
| بەنگىئالپ | Bengialp | مەڭگۈئالپ. ئەبەدىي قەھرىمان. |
| بەنگىخان | Bengihan | مەڭگۈخان. نامى ئۆچمەس. |
| بەنگىتاش | Bengitaş | مەڭگۈتاش. **مەڭگۈ** ساقلىنىپ تۇرىدىغان خاتىرە تېشى. |
| بەنگۈ | Bengü | مەڭگۈ. ئەبەدىي. |
| بەرك | Berk | بەرك. قاتتىق، چىداملىق. ئۇچقۇن، چاقماق. |
| بەركە | Berke | بەركە. قامچا، كالتەك. ئالتۇن ئوردا ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى. بەركە نويان: باتۇخاننىڭ قېرىندىشى. |
| بەركانت | Berkant | بەرقەنت. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر تاغ تىزمىسىنىڭ ئىسمى. |
| بەركاي | Berkay | بەركاي.يورۇق ئاي. نۇرلۇق ئاي. |
| بەركقان | Berkkan | بەركقان. ئېسىل قان. |
| بەركسوي | Berksoy | بەركسوي. ئېسىل ئۇرۇقتىن بولغان. |
| بەرتۇغ | Bertuğ | بەرتۇغ. تۇغلىرى بىلەن بىرلىكتە. |
| بەشىر | Beşir | بەشىر. خۇش خەۋەر ئەكەلگەن. كۆل. |
| بەي | Bey | بەي، بەگ. |
| بەيپولات | Beypolat | بەگپولات. پولاتتەك كۈچلۈك |

[1] بەلگە تېگىن ــ غەزنەۋىيلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى.

| | | |
|---|---|---|
| | | ئادەم. |
| بەيخان | Beyhan | بەيخان[1]، بەگخان. تۈز ۋە سىر ساقلىمايدىغان. |
| بىجان | Bican | بىجان. پىدائىي. |
| بىلگە | Bilge | بىلگە. بىلىملىك. سىياسەت ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىن ھاكىم. |
| بىلگەئالپ | Bilgealp | بىلگەئالپ. دانىشمەن ۋە قەھرىمان. |
| بىلگە بۇدۇن | Bilgebudun | بىلگەبۇدۇن. ئوقۇمۇشلۇق خەلق، ساپاسى كۆتۈرۈلگەن خەلق. |
| بىلگەخان | Bilgehan | بىلگەخان. دانىشمەن خان. ناھايىتى بىلىملىك دۆلەت باشلىقى، كۆكتۈرك قاغانلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. ھەم ئوغۇل، ھەم قىز ئىسمىدۇر. |
| بىلگەقاغان | Bilgekağan | بىلگە قاغان[2]. دانا خاقان، بىلىملىك خاقان. |
| بىلگەتۈرك | Bilgetürk | بىلگەتۈرك. دانىشمەن تۈرك. |
| بىلگەن | Bilgen | بىلگەن. بىلىمگە، مەلۇماتقا تويۇنغان كىشى. |
| بىلگەتاي | Bilgetay | بىلگەتاي. دانىشمەنلەر مەجلىسى، كېڭىشى. |
| بىلگىچ | Bilgiç | بىلگۈچ. مەلۇماتلارنىڭ ئىگىسى. |

[1] بەيخان ــ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر داھىيلىرىدىن بىرى.
[2] بىلگە قاغان (683ــ734) ــ تۈرك ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى. قۇتلۇق ئىلتەرىش خانىنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى.

| | | |
|---|---|---|
| بىلگىن | Bilgin | بىلگۈن. مۇئەييەن بىر تېمىدا چوڭقۇر مەلۇماتى بار بولغان. |
| بىلگۈتاي | Bilgütay | بىلگۈتاي. تىمۇچىن دەۋرىدىكى توققۇز تۈرك بېگىدىن بىرى. |
| بىلخان | Bilhan | بىلخان. دانىشمەن ھۆكۈمدار. |
| بىنئالپ | Binalp | مىڭئالپ. مىڭلارچە قەھرىمانلارغا بەدەل. |
| بىنتۇغ | Bintuğ | مىڭتۇغ. تۇغلۇق يىگىت. |
| بىرئالپ | Biralp | بىرئالپ. ئۇخشىشى بولمىغان قەھرىمان، بىردىنبىر قەھرىمان. |
| بىرجان | Bircan | بىرجان. يەك ۋۇجۇد، بىر گەۋدە بولۇش. |
| بىرقان | Birkan | بىرقان. بىر ئۇرۇقتىن، قېنى بىر. |
| بىرول | Birol | بىربول. ئەتراپتىكىلەردىن ئايرىم، يولباشچى بولۇپ ئۇزۇپ چىققان كىشى. |
| بوغاچخان | Boğaçhan | بوغاچخان. ئەپسانىلەشكەن تۈرك قەھرىمانى. دەدە قورقۇت ھېكايىلىرىدە كۆرۈلىدىغان بىر يىگىت. |
| بوغاتىر | Boğatır | بوغاتىر. يىگىت، جەسۇر ۋە ئۇرۇشقاق، جەڭگىۋار. |
| بورا | Bora | بورا. بوران. يامغۇر ئېلىپ كېلىدىغان قاتتىق شامال. |
| بوراخان | Borahan | بوراخان. بوراندەك قاتتىق جۇدۇنلۇق ھۆكۈمدار. |
| بوران | Boran | بوران. چاقماق ۋە گۈلدۈرماما بىلە |

| | | |
|---|---|---|
| | | بىرلىكتە ياغىدىغان يامغۇر. كۆپىنچە كېچىدە تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارغا بېرىلىدىغان ئىسىم. |
| بويداش | Boydaş | بويداش. ئوخشاش بىر بويدىن، بىر قەبىلىدىن بولغان كىشىلەر. |
| بوزبورا | Bozbora | بوزبورا. قويۇن. |
| بوزقۇرت | Bozkurt | بوزقۇرت. كۆك بۆرە[①]. ئەپسانىلەردىكى تۈركلەرگە يول كۆرسەتكەن ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىپ تۈركلەرنى يورۇقلۇققا چىقارغان ئەپسانىۋى بۆرە. |
| بوزئوق | Bozok | بوزئوق. ئوغۇزخان دەۋرىدە ئىككىگە ئايرىلغان تۈرك قەبىلىسىدىن بىرى. |
| بۆگۈئالپ | Bögüalp | بۆگۈئالپ[②]. ھېكمەتلىك قەھرىمان. |
| بۆكە | Böke | بۆكە. كۈچلۈك، پالۋان ۋۇجۇدلۇق. |
| بۆرۈ/بۆرى | Börü | بۆرۈ. يىگىت، قورقۇمسىز. كۆكتۈرك ۋە كۆكتۈرك دەۋرىدە قاغان |

[①] كۆك بۆرە—تۈركلەرنىڭ سىمۋولى، قوشۇنىنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدىغان يول باشلىغۇچى. ئوغۇزخان خەلقىگە بەرگەن كاتتا تويدا: «كۆك بۆرۈ ئاۋازى ئۇران (ئۇرۇش-جەڭ شوئارى) بولسۇن» دەيدۇ. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ باشبۇغلىرى ئەسكەرلىرىگە «بوزقۇرتلارىم، كۆك بۆرۈلەرىم» دەپ خىتاب قىلاتتى.

[②] بۆگۈئالپ—كۆكتۈرك دەۋرىدىكى مەشھۇر سەركەردە كۈرشاد بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاب قوزغىغان 40 قەدىناسىنىڭ بىرى.

| | | |
|---|---|---|
| | | قوغدىغۇچىلىرىغا بېرىلگەن ئۇمۇمىي ئىسىم. |
| بۇداق | Budak | پۇتاق. ئىنچىكە، كىچىك. |
| بۇدۇن | Budun | بودۇن. خەلق، مىللەت. |
| بۇغرا | Buğra | بۇغرا. ئەركەك تۆگە. |
| بۇغراخان | Buğrahan | بۇغراخان. قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرىدىن بىرى. |
| بۇلۇچ | Buluç | بۇلۇچ. كەشپىيات، كەشىپ قىلىنغان نەرسە. |
| بۇلۇش | Buluş | بۇلۇش. كەشپىيات، بىر نەرسىنى تۇنجى قېتىم يارىتىش. |
| بۇمىن | Bumin | بۇمىن قاغان (552 ـ يىلى ۋاپات بولغان): كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. |
| بۇرخان | Burhan | بۇرخان. پاكىت، ئىسپاتلاش ۋاسىتىسى. |
| بۇيان | Buyan | بۇيان. تەلەي، ئامەت. |

## ج C ج

| | | |
|---|---|---|
| جان | Can | جان (پ). كۈچ، تىرىكلىك. ياشاشنى تەمىنلىگەن ماددىدىن تاشقىرى مەۋجۇدىيەت. قىز ۋە ئوغۇل ئىسمى. |
| جانئالپ | Canalp | جانئالپ (پ+ت). جانغا يېقىن |

قەھرىمان.

| | | |
|---|---|---|
| جانباي | Canbay | جانباي(پ+ت). سۆيۈملۈك ۋە سەممىي ئەر كىشى. |
| جانبەرك | Canberk | جانبەرك(پ+ت). كۆچلۈك كىشى، چىدامىلىق. |
| جانبەي | Canbey | جانبەي(پ+ت). جانبەگ. «جانباي» بىلەن ئوخشاش. |
| جانپولات | Canpolat | جانپولات (پ+ئە). پولاتتەك چىدامىلىق قىلىچ يارىتىلغان. |
| جاندار | Candar | جاندار (پ). جانلىق، تىرىك. |
| جانداش | Candaş | جانداش(پ). ناھايىتى يېقىن دوست. |
| جاندەمىر | Candemir | جانتۆمۈر (پ+ت). ئادىمىگەرچىلىكى ئىشەنچلىك. پولاتتەك. |
| جانفىدا | Canfeda | جانپىدا (پ). پىداكار. |
| جانگۈن | Cangün | جانكۈن (پ+ت). ئەڭ مۇھىم كۈن، قۇتلۇق. |
| جانكۇت | Cankut | جانقۇت (پ+ت). قۇتلۇق مەنىلىك، جان. سۆيۈملۈك كىشى. |
| جانكۇرت | Cankurt | جانقۇرت(پ+ت). جانبۆرە. سۆيۈملۈك بۆرە. |
| جانسەۋەر | Cansever | جانسۆيەر(پ+ت). تەڭرى ياراتقان پۈتۈن ئىنسانلارنى سۆيىدىغان، قەدىرلەيدىغان. |
| جانسوي | Cansoy | جانسوي(پ+ت). تەڭداشسىز بىر |

| | | |
|---|---|---|
| | | ئۇرۇقتىن تۇغۇلغان جان. |
| جانسۇ | Cansu | جانسۇ(پ+ت). ھايات بۇلىقى. |
| جانسۇن | Cansun | جانسۇن(پ+ت). ھاياتلىق سۇنغاي، ھايات بەرگەي. |
| جانتېكىن | Cantekin | جانتېكىن (پ+ت). ئىشەنچلىك. |
| جانتۇغ | Cantuğ | جانتۇغ (پ+ت). يېگانە تۇغنى كۆتۈرگەن. |
| جانتۈرك | Cantürk | جانتۈرك (پ+ت). سۆيۈملۈك، جانغا يېقىن تۈرك. |
| جارۇللاھ | Carullah | جارۇللاھ (ئە). مەككىگە كېلىپ يەرلەشكەن كىشى. |
| جايماز | Caymaz | جايماز. سىزىرىدە تۇرىدىغان. |
| جەبە | Cebe | جەبە (م) زەنجىردىن ياكى ھالقىلاردىن توقۇلغان دوبۇلغا. |
| جەلال | Celal | جالال (ئە). ئۇلۇغلۇق، ئۈستۈنلۈك. |
| جەلىل | Celil | جەلىل (ئە). بۈيۈك، ئۇلۇغ. |
| جەمال | Cemal | جامال(ئە). يۈز، چىراي گۈزەللىكى. |
| جەمىل | Cemil | جەمىل (ئە). گۈزەللىك ئىگىسى. |
| جەنگاۋەر | Cengaver | جەڭگىۋار(پ). ياخشى جەڭچى. |
| جەنگىز | Cengiz | چىڭگىز(م). كۈچلۈك، يېقىلماس، يېمىرىلمەس. |

| | | |
|---|---|---|
| جەنگىزخان | Cengizhan | چىڭگىزخان[1] . كۈچلۈك، يېقىلماس، يېمىرىلمەس خان. |
| جەنك | Cenk | جەڭ (پ). ئۇرۇش، سوقۇش. |
| جەنكئالپ | Cenkalp | جەڭئالپ (پ+ت). ئۇرۇشتىن يانمايدىغان، جەڭگىۋار قەھرىمان. |
| جەسۇر | Cesur | جەسۇر (ئە). قورقۇمسىز. ھۇجۇمغا ھازىر. |
| جەيھۇن | Ceyhun | جەيھۇن (ئە). خۇشاللىق تارقىتىدىغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر دەريانىڭ ئىسمى. |
| جىھان | Cihan | جاھان (پ). دۇنيا، ئالەم، جاھان. |
| جىھانئالپ | Cihanalp | جاھانئالپ(پ+ت). دۇنيا قەھرىمانى. |
| جىھانبەي | Cihanbey | جاھانبەي(پ+ت). دۇنيا ھۆكۈمدارى. |
| جىھانگىر | Cihangir | جاھانگىر (پ). دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى. |
| جىھات | Cihat | جىھات، غازات (ئە). دىن شەرىپىگە قىلىنغان مۇقەددەس ئۇرۇش، غازات. دىننى ياقلاش. |
| جوشقۇن | Coşkun | جوشقۇن. ھاياجانلىق، سەزگۈر. |
| جۇما | Cuma | جۇمە (ئە). توپلانماق. |
| جۇمھۇر | Cumhur | جۇمھۇر (ئە). خەلق. |
| جۈرەت | Cüret | جۈرئەت. |

[1] چىڭگىزخان ـــ بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى.

| چ | Ç | چ |
|---|---|---|
| چاغاتاي | Çağatay | چاغاتاي. كىچىك تاي. دەۋرىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى. يىگىت كىشى. چاغاتايخان— چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى. |
| چاغداش | Çağdaş | چاغداش. ياشاۋاتقان چاغ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، زاماندىش، زامانىۋى. |
| چاغخان | Çağhan | چاغخان. ئۆزىنى قوبۇل قىلدۇرغان ھۆكۈمدار. |
| چاغلار | Çağlar | چاغلار. دائىما تىرىك، دائىما ھەرىكەت ھالىتىدە بولىدىغان. |
| چاغلايان | Çağlayan | چاغلايان. شارقىراتما. |
| چاغرى | Çağrı | چاغرى①. دەۋەت، چاقىرىق. قارچىغا. |
| چاپان | Çapan | چاپان. |
| چاقار | Çakar | چاقار. ئۇچقۇن، يالقۇن. |
| چاقماق | Çakmak | چاقماق. |
| چاندار | Çandar | چاندار. ئوسمانلى دەۋرىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان چوڭ |

① چاغرى بەگ (930—1060) — خوراسان ھاكىمى. چاغرى — كۆكتۈرك دەۋرىدىكى مەشھۇر سەركەردە كۇرشاد بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاب قوزغىغان 40 قەدىناسىنىڭ بىرى.

بىر ئائىلىنىڭ ئىسمى.

| | | |
|---|---|---|
| چاپار | Çapar | چىپار. ۋۇجۇدىدا داغ بولغان كىشى. |
| چاۋدۇر | Çavdur | چاۋدۇر. داڭقى چىققان. |
| چاۋۇش | Çavuş | چاۋۇش. ئارمىيىدە ئون بېشىدىن يۇقىرى مەرتىۋە، ئۇنۋان. |
| چەلەبى | Çelebi | چەلەبى. نازۇك، تەربىيىلىك، لايىقىدا ئىش-ھەرىكەت قىلىشنى بىلىدىغان. ئوسمانلى دەۋرىدە شاھزادىلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان ئىدى. |
| چەپنى | Çepni | چەپنى. ئوغۇزلارنىڭ بىر قەبىلىسى. |
| چەلىك | Çelik | پولات. قاتتىقلىقى بىلەن بىلىنگەن مېتال. چىدامىلىق. |
| چەلىكەل | Çelikel | پولات قول. پولاتتەك چىدامىلىق قولى بار بولغان. |
| چەلىكەر | Çeliker | پولات ئەر. پولاتتەك كۈچلۈك كىشى. |
| چېرى | Çeri | چېرى، چېرىك. ئەسكەر. |
| چېتىن | Çetin | چېتىن. يارىتىلىشى كۈچلۈك ۋە قوپال. ئىرادىلىك، سۆزىدىن قايتمايدىغان. |
| چېتىنالپ | Çetinalp | چېتىنئالپ. سۆزىدىن قايتمايدىغان قەھرىمان. |
| چېتىناي | Çetinay | چېتىنئاي. كۈچلۈك، ئايدەك نۇرلۇق. |

| | | |
|---|---|---|
| چېتىنەل | Çetinel | چېتىنقول. قاتتىق ۋە سىقىلماس قول. |
| چېتىنەر | Çetiner | چېتىنئەر. يارىتىلىشى قاتتىق ۋە چىداملىق ئەر كىشى. |
| چېتىنقايا | Çetinkaya | چېتىنقايا. قورام تاش. ئورنىدىن مىدىرلاتقىلى بولمايدىغان تاش. |
| چېۋىك | Çevik | چېۋەر. چاققان. |
| چېۋىكەل | Çevikel | چېۋەرقول. قوللىرى بىلەن چېۋەرلىكنى كۆرسىتەلەيدىغان. |
| چېۋىكەر | Çeviker | چېۋەر ئەل. چېۋەر ئەركىشى. |
| چىدام | Çıdam | چىدام. سەۋر ـ تاقەتلىك. |
| چىغايبۆرى | Çığayböri | چىغايبۆرى[1]. نامرات بۆرە، بۆرىگە ئوخشاش بۆرە. |
| چىنار | Çınar | چىنار. كەڭ يوپۇرماقلىق ۋە گەۋدىلىك، ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بىر خىل دەرەخ. |
| چىچى | Çiçi | چىچى[2]. چېچەك. |
| چوبايىقمىش | Çobayıkmış | چوبايىقمىش[3]. |
| چولاق | Çolak | چولاق. |
| چولپان | Çolpan | چولپان. چولپان يۇلتۇزى. |
| چۇلۇق قاغان | Çulukkağan | چۇلۇق قاغان. چىداملىق ۋە |

① چىغايبۆرى ــــ كۆكتۈرك دەۋرىدىكى مەشھۇر سەركەردە كۇرشاد بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاب قوزغىغان 40 قەدىناسىنىڭ بىرى.

② چىچى قاغان ــــ تارىختا ئۆتكەن تۈرك قەھرىمانى.

③ چوبايىقمىش ــــ كۆكتۈرك دەۋرىدىكى مەشھۇر سەركەردە كۇرشاد بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاب قوزغىغان 40 قەدىناسىنىڭ بىرى.

| | | |
|---|---|---|
| | | هاياجانلىق قاغان. كۆكتۈرك قاغانلىرىدىن بىرى، كۆرشادنىڭ دادىسى. |
| چۇۋاش | Çuvaş | چۇۋاش. قۇياش، چۇۋاش تۈركلىرى — بۈگۈنكى روسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى چۇۋاشىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي خەلقى. |

## د D د

| | | |
|---|---|---|
| داداش | Dadaş | داداش. ئوغۇل قېرىنداش، يىگىت. |
| داغخان | Dağhan | تاغخان. ئوغۇزخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى. |
| دالاي | Dalay | دالاي. چوڭ كۆل، بۈيۈك دېڭىز. ئوكيانۇس. |
| داليان | Dalyan | داليان. ئاقارسۇ ۋە دېڭىز قىرغاقلىرىدا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن تورلار قۇرۇلىدىغان يەر. |
| دامار | Damar | تومۇر. قاننىڭ ئايلىنىشىغا ئىمكان بېرىدىغان قانال. يوپۇرماقلاردىكى سىزىقلار. مەرمەر ياكى قىممەتلىك تاشلاردىكى سىزىقلار. |
| داۋران | Davran | ھازىرلان. ھەرىكەتكە كەل دېگەن مەنىدە. |
| داۋۇت | Davut | داۋۇت. داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ |

ئىسمى. گۈزەل ۋە بوم ئاۋازنىڭ سىمۋولى.

| | | |
|---|---|---|
| دەمىر | Demir | تۆمۈر. چىداملىق بىر خىل مېتال. |
| دەمىرالپ | Demiralp | تۆمۈرالپ. تۆمۈردەك چىداملىق قەھرىمان. |
| دەمىرەل | Demirel | تۆمۈرقول. تۇتقىنىنى يۇلۇپ ئالىدىغان. |
| دەمىراي | Demiray | تۆمۈراي. تۆمۈردەك چىداملىق ۋە ئايدەك نۇرلۇق. |
| دەمىربىلەك | Demirbilek | تۆمۈربىلەك. بىلىكى تۆمۈردەك كۈچلۈك بولغان كىشى. |
| دەمىرجان | Demircan | تۆمۈرجان. تۆمۈردەك چىداملىق ۋە ساغلام كىشى. |
| دەمىرخان | Demirhan | تۆمۈرخان. تۈرك مېتولوگىيىسىدە تاغ چوققىلىرىدا ئولتۇرىدىغان ئىلاھ. |
| دەمىرقان | Demirkan | تۆمۈرقان. ئاقساق تۆمۈرنىڭ ئۇرۇقىدىن بولغان كىشىلەر. |
| دەمىروق | Demirok | تۆمۈروق. تۆمۈردىن ياسالغان ئوق. |
| دەمىرتېكىن | Demirtekin | تۆمۈرتېكىن. تۆمۈردەك چىداملىق، پۈكۈلمەس شاھزادە. |
| دەنىز | Deniz | دېڭىز. |
| دەنىزخان | Denizhan | دېڭىزخان. ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ ئەڭ كىچىكى. |
| دەنىزتېكىن | Deniztekin | دېڭىزلارنىڭ سۇلتانى. |
| دەنكتاش | Denktaş | تەڭتۇش. |

| | | |
|---|---|---|
| دەرمان | Derman | دەرمان. ئىلاج، چارە. |
| دەرۋىش | Derviş | دەرۋىش. ئاق كۆڭۈل، سەۋرچان ئادەم. |
| دەۋلەت | Devlet | دەۋلەت، دۆلەت، مەملىكەت. بايلىق، خۇشالىق، يۈكسەك مەۋقە. تەلەي، بەخت ـ سائادەت. |
| دەۋرىم | Devrim | دەۋرىم. ئىنقىلاب. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ۋە ئارزۇ قىلىنغان شەكىلدە ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگىرىشنى ھەتتا تامامەن ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش. |
| دىكالپ | Dikalp | تىكالپ. بېشى تىك قەھرىمان. باش ئەگمەيدىغان يىگىت. |
| دىكەر | Diker | تىكەر. بېشى تىك يىگىت، يىگىتتەك ياشاشنى بىلىدىغان، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ يۈرمەيدىغان. |
| دىنچ | Dinç | دىنچ. كۈچى، سالامەتلىكى جايىدا، ساغلام. |
| دىنچالپ | Dinçalp | دىنچئالپ. ساغلام، كۈچلۈك قەھرىمان. |
| دىنچەل | Dinçel | تىنچقول. ساغلام ۋە كۈچلۈك قول. |
| دىنچەر | Dinçer | دىنچئەر. ساغلام ئەركەك. |
| دىرەنچ | Direnç | دىرەنچ. تاقابىل، تىركىشىش، بىر كۈچكە قارشى تىرەجەش. |
| دوغان | Doğan | دوغان. بۈركۈت. جاسارەت ۋە جۈرئەتكارلىقنىڭ سىمۋولى. |

| | | |
|---|---|---|
| دوغاناي | Doğanay | دوغانئاي. يېڭى چىققان ئاينىڭ شەكلى. |
| دوغانالپ | Doğanalp | دوغانئالپ. جەسۇر ۋە چېۋەر يىگىت. |
| دوغۇخان | Doğuhan | دوغۇخان. شەرقنىڭ خاقانى. |
| دوغۇش | Doğuş | تۇغۇلۇش. يارىتىلىش. |
| دولۇناي | Dolunay | تولۇنئاي. تولغان ئاي، 14 كۈنلۈك ئاي. |
| دورۇقان | Dorukan | تومۇردا ئەڭ ئېسىل قان ئاقىدىغان. |
| دۆنمەز | Dönmez | دۆنمەز، قايتماس. بەرگەن قارارىدىن ياكى ماڭغان يولىدىن قايتمايدىغان. |
| دۆنمەزەر | Dönmezer | قايتماس ئەر. سۆزىدىن قايتمايدىغان ئەر كىشى. |
| دۇران | Duran | تۇرغان. ئەبەدىي. |
| دۇرمۇش | Durmuş | تۇرۇپ قالغاي، ئەڭ ئاخىرقى بالا بولۇپ قالغاي. |
| دۇرسۇن | Dursun | تۇرسۇن. ئەڭ ئاخىرقى بالا بولۇپ تۇرۇپ قالسۇن. |
| دۇرۇسوي | Durusoy | دۇرۇسوي. ساپ قان. |
| دۇيگۇن | Duygun | تۇيغۇن. تۇيغۇلۇق بولغان. |

## ئە E ئە

| | | |
|---|---|---|
| ئەجە | Ece | ئەجە[①]. باشلىق. ئۇلۇغ، پېشقەدەم. |
| ئەجەباي | Ecebay | ئەجەباي. باي ئادەم. |

① ئەجە ــ تۈركلەرنىڭ رۇم ئېلىگە ئۆتۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئوسمانلى قوماندانى.

| | | |
|---|---|---|
| ئەجەمىش | Ecemiş | پىشقەدەم. كۆپ تەجرىبىسى بار، پىشقان كىشى. |
| ئەجەۋىت | Ecevit | ئەجەۋىت. ئوچۇق پىكىرلىك، پىشىپ يېتىلگەن. توختىماي ئىشلەيدىغان. |
| ئەدىز | Ediz | ئەدىز. قىممەتلىك، يۈكسەك. قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن بىرى. |
| ئەفە | Efe | ئەفە. نوچى، يىگىت، مەردان. غەربىي ئانادولۇدىكى يېزا ـ سەھرا نوچىلىرىغا، يىگىت، مەردانىلىرىغا بېرىلىدىغان نام. |
| ئەگەمەن | Egemen | ئەگەمەن. ئىگىلىك ھوقۇق، مۇستەقىل ھۆكۈمران. |
| ئەگىلمەز | Eğilmez | ئېگىلمەس. بېشى تىك. |
| ئەژدەر | Ejder | ئەجدىھا (پ). |
| ئەكبەر | Ekber | ئەكبەر (ئە). بۈيۈك، چوڭ، ئۇلۇغ. |
| ئەكىم | Ekim | ئەكىم. ئۆكتەبىر. تېرىقچىلىق. |
| ئەلچى | Elçi | ئەلچى. |
| ئەلچىن | Elçin | ئەلچىن. تۇتام، باغ، دەستە. |
| ئەلدەم | Eldem | ئەلدەم. سەمىمىي، يېقىملىق. |
| ئەلىبول | Elibol | قولى مول. قولى ئوچۇق. سېخىي، مەرد. |
| ئەلىتېز | Elitez | قولى تېز. قولى چاققان. |
| ئەلكۇت | Elkut | ئەلقۇت، قولى قۇتلۇق. قۇتلۇق ئەل. |

| | | |
|---|---|---|
| ئەلۋەر | Elver | ئەلۋەر، قول بەر، ياردەم قىل. |
| ئەمەن | Emen | ئەمەن[1]. جان، روھ، ھايات. |
| ئەمەت | Emet | ئەمەت. نەتىجە، خۇلاسە. ئېمىزگە، ئەمدۈر. |
| ئەمىن | Emin | ئەمىن(ئە). ئىشەنگىلى بولىدىغان، ئىشەنچلىك. |
| ئەمىر | Emir | ئەمىر(ئە). بۇيرۇق، پەرمان. |
| ئەمىرخان | Emirhan | ئەمىرخان. ھۆكۈمدار بۇيرۇقى. |
| ئەمرە | Emre | ئەمرە. ئاشىق. بەگلەربېگى، چوڭ ئوغۇل قېرىنداش. |
| ئەمرۇللاھ | Emrullah | ئەمرۇللاھ (ئە). ئاللاھنىڭ ئەمرى. |
| ئەندەر | Ender | ئەندەر. ئاز ئۇچرايدىغان، تاللانغان. |
| ئەنەر | Ener | ئەڭ ئەر. ئەڭ ئەركەك/ئەر كىشى. |
| ئەنگىن | Engin | ئەنگىن. پايانسىز. بىپايان، چەكسىز. |
| ئەنگىنالپ | Enginalp | ئەنگىنئالپ. ئۇزاقلارنى ئايلانغان قەھرىمان. |
| ئەنگىنسوي | Enginsoy | ئەنگىنسوي. ئۇرۇقى بەكلا كەڭرى بولغان. |
| ئەنىس | Enis | ئەنىس (ئە). دوست، بۇرادەر. سۆيگىنى. |
| ئەنگىناي | Enginay | ئەنگىنئاي. ئاينىڭ ناھايىتى ئۇزاقتا كۆرۈنۈشى. |

[1] ئەمەن——كۆكتۈرك دەۋرىدىكى مەشھۇر سەركەردە كۈرشاد بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاب قوزغىغان 40 قەدىناسىنىڭ بىرى.

| | | |
|---|---|---|
| ئەنسار | Ensar | ئەنسار (ئە). قوغدىغۇچىلار. |
| ئەنۋەر | Enver | ئەنۋەر[1] (ئە). ناھايىتى يورۇق. نۇرلۇق. |
| ئەرالپ | Eralp | ئەرئالپ. قەھرىمان، جەسۇر. |
| ئەراسلان | Erarslan | ئەرئاسلان. ئارسلان كەبى كۈچلۈك كىشى. |
| ئەراي | Eray | ئەرئاي. كېلىشكەن يىگىت. |
| ئەرباتۇر | Erbatur | ئەرباتۇر. يىگىتلەر يىگىتى، باھادىر. |
| ئەرباي | Erbay | ئەرباي. مال ـ مۈلكى بار بولغان مەرد يىگىت. |
| ئەربەي | Erbey | ئەربەگ. يىگىت بەگ. |
| ئەربىل | Erbil | ئەربىل. ئەر ۋە يىگىت ئىكەنلىكى بىلىنسۇن. ئىراقتىكى تۈركمەنلەرنىڭ مۇھىم بىر شەھىرى. |
| ئەربىلگىن | Erbilgin | ئەربىلگىن. يىگىت ۋە دانىشمەن. |
| ئەربوغا | Erboğa | ئەربۇقا. بۇقىدەك ئەركەك. |
| ئەربوي | Erboy | ياخشى ۋە ئېسىل ئۇرۇقتىن بولغان كىشى. |
| ئەرجان | Ercan | ئەرجان. يېقىملىق ئەركىشى. |

[1] ئەنۋەر پاشا ــــ ئوسمانلى قوماندانى ۋە دۆلەت ئەربابى. ئوسمانلى دۆلىتى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تۈركىيەدىن ئايرىلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ رۇسلارغا قارشى ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان. 1922 ـ يىلى بۈگۈنكى تاجىكىستان چېگرىسى ئىچىدە رۇسلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا شېھىت بولغان.

| | | |
|---|---|---|
| ئەرچەلىك | Erçelik | ئەرپولات. پولاتتەك چىدامىلىق يىگىت. |
| ئەرچەۋىك | Erçevik | ئەرچەۋىك. چاققان، يىگىت. |
| ئەرداغ | Erdağ | ئەرتاغ. ئۇلۇغ، يىگىت. تاغلارغا لايىق. |
| ئەردەم | Erdem | ئەردەم، پەزىلەت. |
| ئەردەمىر | Erdemir | ئەرتۆمۈر. تۆمۈردەك چىدامىلىق. |
| ئەردەن | Erden | ئەردەن. قول تەگمىگەن، پاكىز. گۆھەر. |
| ئەردەنالىپ | Erdenalp | ئەردەنئالىپ. قول تەگمىگەن يىگىت . |
| ئەردەناي | Erdenay | ئەردەنئاي. بالدۇر چىققان ئاي. قول تەگمىگەن ئاي. |
| ئەرەنلەر | Erenler | ئەرەنلەر. مەقسىتىدىن قايتمىغان، يىگىتلەر يىگىتى. |
| ئەردەنىز | Erdeniz | ئەردېڭىز. دېڭىزچى ئەر، غەۋۋاس. |
| ئەردىم | Erdim | ئەردىم. مەقسەتكە ئۇلاشتىم. ئېرىشتىم، يەتتىم. |
| ئەردىنچ | Erdinç | ئەردىنچ. كۈچى ۋە سالامەتلىكى كامالەتكە يەتكەن كىشى. |
| ئەردوغان | Erdoğan | ئەردوغان. تۇغۇلۇشىدىن يىگىت، تۇغما يىگىت. |
| ئەردۆنمەز | Erdönmez | ئەرقايتماس. سۆزىدىن قايتمايدىغان ئەر. |
| ئەرەك | Erek | ئەرەك. مەقسەت، ئاخىرقى مۇددىئا. |
| ئەرەن | Eren | ئەرەن، ئەرمىش. ئىلاھىي |

سىرلاردىن ۋاقىپ بولغان كىشى.

| | | |
|---|---|---|
| ئەرەنالپ | Erenalp | ئەرەنئالپ. ئەرمىش يىگىت. |
| ئەرگەن | Ergen | ئەرگەن. چوڭ بولغان. بالاغەتكە يەتكەن. |
| ئەرگى | Ergi | ئەرگى. ئىستىكىگە ئېرىشمەك. |
| ئەرگىن | Ergin | ئەرگىن. پىشقان، يېتىشكەن. |
| ئەرگىنالپ | Erginalp | ئەرگىنئالپ. يېتىشكەن يىگىت. |
| ئەرگىنجان | Ergincan | ئەرگىنجان. تولۇپ يېتىشكەن. |
| ئەرگۆنۈل | Ergönül | ئەركۆڭۈل. كۆڭۈلچەك كىشى. |
| ئەرگۇن | Ergun | ئەرگۇن. خۇيى يۇمشاق بولغان كىشى. يۈگۈرۈك ئات. |
| ئەرگۈدەر | Ergüder | ئەركۈتەر. يىگىتلىكنى قوغلايدىغان، يىگىتلىكنىڭ پۈتۈن خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىدىغان. |
| ئەرگۈن | Ergün | ئەركۈن. كۈنىنىڭ تۇنجى سائەتلىرى. |
| ئەرخان | Erhan | ئەرخان. يىگىتلىك ۋە مەردلىك كۆرسىتىدىغان ھۆكۈمدار. |
| ئەرىنچ | Erinç | ئەرىنچ. ھېچبىر قايغۇسى بولمىغان. خۇشاللىق، راھەت. |
| ئەرك | Erk | ئەرك. قۇدرەت. ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، ئىختىيارىيلىق. |
| ئەرقال | Erkal | ئەرقال. ھەر زامان يىگىت بولۇپ قال. |
| ئەرقان | Erkan | ئەرقان. قېنىدا يىگىتلىك بار |

بولغان.

| | | |
|---|---|---|
| ئەركە | Erke | ئەركە. ناز، ئەشۋە. |
| ئەركىن | Erkin | ئەركىن. باشقا بىر كىمگە بېقىندى بولمايدىغان، چەكلىمىلەردىن خالىي، هۆر ياشايدىغان. |
| ئەرقۇرت | Erkurt | ئەربۆرە. يىگىت بۆرە. |
| ئەرقۇت | Erkut | ئەرقۇت. تەقدىرى، پېشانىسى ئوچۇق. بەختلىك. |
| ئەرقۇتاي | Erkutay | ئەرقۇتاي. قۇتلۇق ئايدا تۇغۇلغان. |
| ئەرمان | Erman | ئەرمان. يۈرەكلىك، پەزىلەتلىك. يىگىت. |
| ئەرمىش | Ermiş | ئەرمىش. تەگرىگە يېقىن قۇل، ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسى. ئىنسانىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ۋاسىپلىرىغا ساھىب. مۇرادىغا يەتكەن. |
| ئەرئوغلۇ | Eroğlu | ئەرئوغلى. يىگىت بالىسى. |
| ئەرول | Erol | ئەربول. يىگىت بول، ئەركەك بول. |
| ئەرئۆز | Eröz | ئەرئۆز. ئۆزى يىگىت، يىگىتلىك تەبىئىتىدە بولغان. |
| ئەرسايىن | Ersayın | ئەرسايىن. هۆرمەتكە سازاۋەر يىگىت. |
| ئەرسەن | Ersen | ئەرسەن. يىگىتلىكتە يېگانە. |
| ئەرسەۋ | Ersev | ئەرسۆي. ئوغۇل بالا بول ۋە ئەرلىكنى، يىگىتلىكنى سۆي. |
| ئەرسىن | Ersin | ئەرسىن. چوڭ بولۇپ يېتىشكەي، ۋايىغا يەتكەي، ئەر بولغاي. |

| | | |
|---|---|---|
| ئەرسوي | Ersoy | ئەرسوي. يىگىتلەر كۆپ چىقىدىغان ئۇرۇقتىن بولغان كىشى. |
| ئەرتان | Ertan | ئەرتاڭ. قۇياش تۇغۇلغان ئاندا دۇنياغا كەلگەن كىشى. |
| ئەرتاش | Ertaş | ئەرتاش. يىگىت ۋە تاشتەك چىداملىق كىشى. |
| ئەرتاي | Ertay | ئەرتاي. يىگىت تاي. |
| ئەرتېكىن | Ertekin | ئەرتېكىن. يىگىت، شاھزادە. ئىشەنچلىك كىشى. |
| ئەرتۆرە | Ertöre | ئەرتۆرە. تۆرە ۋە ئەنئەنىلىرىگە بېرىلگەن ئەسكەر. |
| ئەرتۇغ | Ertuğ | ئەرتۇغ. تۇغ بىلەن مۇكاپاتلىنغۇدەك قىممەتلىك قەھرىمان ئەسكەر. |
| ئەرتۇغرۇل | Ertuğrul | ئەرتۇغرۇل[①]. ئاق كۆڭۈل، پاك ۋە دۇرۇس. |
| ئەرتۇنا | Ertuna | ئەرتۇنا. تۇنا دەرياسى بويىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەسكەر. |
| ئەرتۇنچ | Ertunç | ئەرتۇچ. تۇچ كەبى تىك تۇرىدىغان ئەسكەر. |
| ئەرتۇڭا | Ertunga | ئەرتۇڭا. يىگىت ۋە قەھرىمان ھۆكۈمدار. |
| ئەرتۇران | Erturan | ئەرتۇران. تۇران دۆلىتىنىڭ |

① ئەرتۇغرۇل غازى ــ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان بەگنىڭ ئاتىسى. بىر خىل ئوۋ قۇشى بولغان تۇغرۇلنىڭ ئەركىكى.

| | | |
|---|---|---|
| | | ئەسكىرى. |
| ئەرتۈرك | Ertürk | ئەرتۈرك. تۈرك ئەسكىرى. يىگىت تۈرك. |
| ئەريامان | Eryaman | ئەريامان. قورقمايدىغان يامان كىشى. |
| ئەريىلماز | Eryılmaz | ئەريىلماز. قورقمايدىغان، يىقىلماس يىگىت. |
| ئەسات | Esat | ئەسات (ئە). بەختلىك، تەلەيلىك ۋە خەيرلىك. |
| ئەسەن | Esen | ئېسەن. تىنچ ـ ئامان. |
| ئەسەنباي | Esenbay | ئېسەنباي. تىنچ ـ ئېسەن كىشى. |
| ئەسەنتۈرك | Esentürk | ئېسەنتۈرك. سالامەت تۇرىدىغان تۈرك. |
| ئەۋگىن | Evgin | ئەۋگىن. ئەڭ تېز سۈرئەتتە قىلىنىشى كېرەك بولغان ئىشلار. |
| ئەۋلىيا | Evliya | ئەۋلىيا (ئە). |
| ئەۋرەن | Evren | ئەۋرەن. كائىنات. يارىتىلغانلارنىڭ تامامى. ئەجدىھا، يىلان. |
| ئەيۈپ | Eyüp | ئايۇپ (ئە). سەۋرچان. ھەزرىتى ئايۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى. |

## ف F ف

| | | |
|---|---|---|
| فاھرەتتىن | Fahrettin | پەخرىدىن(ئە). دىنىنىڭ پەخرى، ئۇلۇغلۇقى. |
| فارۇق | Faruk | پەرۇق (ئە). كەسكىن. ھەق ـ ناھەقنى |

ئايرىيالايدىغان كىشى.

فاتىھ Fatih پاتىخ (ئە). بويسۇندۇرغۇچى.

فەرھات Ferhat پەرھات (پ). خۇشاللىق، سۆيۈنچە. قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مۇئەييەن بىر مەنزىلگە، مەقسەتكە يەتمەك. «پەرھات-شىرىن» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى پەرھات.

فىكرەت Fikret پىكرەت (ئە). ئوي. ئويغا پاتماق.

فۇئات Fuat پۇئات (ئە). كۆڭۈل، يۈرەك. ئوي-چۈشەنچە.

## گ G گ

گاففار Gaffar غاپپار(ئە). كەچۈرمەك. كەچۈرۈش كۈچى كۆپ بولغان، ئەيىبلەرنى، قۇسۇرلارنى ياپىدىغان. ئاللاھ تائالانىڭ بىر سۈپىتىدۇر.

گافۇر Gafur غوپۇر(ئە). كەچۈرىدىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان.

گالىپ Galip غالىپ. ئۈستۈن كېلىدىغان، يەڭگەن. تېخىمۇ كۈچلۈك.

گانى Gani غېنى. تويۇنغان، باي كىشى.

گازى Gazi غازى. ئۇرۇشتىن ساق ۋە غالىب چىققانلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان.

گەنجالپ Gencalp گەنجئالپ، ياش ئالپ. ياش

قەھرىمان.

| | | |
|---|---|---|
| گەنجاي | Gencay | گەنجئاي، يېڭى ئاي،ياش ئاي. يېڭى تۇغۇلغان ئاي. ھىلال. |
| گىياسەددىن | Gıyaseddin | غىياسىددىن(ئە). دىننىڭ يېيىلىشىدا ۋەزىپە ئالغان كىشى. |
| گىراي | Giray | گىراي. ئۇيغۇن، لايىق. |
| گۆكالپ | Gökalp | كۆكئالپ. داڭقى كۆكلەرگە قەدەر يېيىلغان قەھرىمان. |
| گۆكاي | Gökay | كۆكئاي. كۆك يۈزىدىكى ئايدەك يورۇق ۋە نۇرلۇق. |
| گۆكبەرك | Gökberk | كۆكبەرك. ماۋى چاقماق. كۆك يوپۇرماق. |
| گۆكبەي | Gökbey | كۆكبەي، كۆكبەگ. كۆكلەرگىمۇ ھاكىم بولالىغۇدەك كۈچتىكى ھۆكۈمدار. |
| گۆكبورا | Gökbora | كۆكبورا. كۆكتىكى، ئاسماندىكى كۈچلۈك بوراندەك. |
| گۆكبۆرۈ | Gökbörü | كۆك بۆرە. تۈركلەر ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان كۆك بۆرە. «بوزقۇرت»قا قاراڭ. |
| گۆكجان | Gökcan | كۆكجان. ماۋى كۆزلۈك، يېقىملىق كىشى. |
| گۆكچەك | Gökçek | كۆكچەك. سۆيۈملۈك، گۈزەل، خۇش ۋە ياش كىشى. |
| گۆكدەمىر | Gökdemir | كۆكتۆمۈر. كۆكۈچ تۆمۈر. |
| گۆكدەنىز | Gökdeniz | كۆكدېڭىز. پايانسىز دېڭىز. |

| | | |
|---|---|---|
| گۆكخان | Gökhan | كۆكخان. كۆك يۈزىنىڭ خاقانى. كۆكخان ــــ ئوغۇزخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى. |
| گۆكھۇن | Gökhun | كۆكھۇن. |
| گۆكمەن | Gökmen | كۆكمەن. كۆك كۆزلۈك، سېرىغشىم كىشى. |
| گۆكنۇر | Göknur | كۆكنۇر. كۆك يۈزىنىڭ نۇرى. |
| گۆكسەل | Göksel | كۆكسەل. ساماۋى. |
| گۆكسوي | Göksoy | كۆكسوي. كۆپچىلىكى كۆك كۆزلۈكلەر بولغان ئۇرۇق. |
| گۆكتېكىن | Göktekin | كۆكتېكىن. يارىشىملىق، قاملاشقان شاھزادە. |
| گۆكتۇغ | Göktuğ | كۆكتۇغ. كۆك رەڭلىك بايراق. |
| گۆكتۈرك | Göktürk | كۆكتۈرك، ئىلاھىي تۈرك. |
| گۆمەچ | Gömeç | كۆمەچ. بال ھۆكۈنەكى. |
| گۆنەن | Gönen | كۆنەن. موللۇق، بەرىكەت. خۇشال ـ خۇرام. |
| گۆنەنچ | Gönenç | كۆنەنچ. پاراغەت، راھەت ھايات. |
| گۆركەم | Görkem | كۆركەم. |
| گۆزاي | Gözay | كۆزاي. ئاي كۆزلۈك. |
| گۆزۈتوك | Gözütok | كۆزى توق. سېخىي. |
| گۈچلۈئالپ | Güçlüalp | كۈچلۈكئالپ. كۈچلۈك يىگىت. |
| گۈچلۈ | Güçlü | كۈچلۈك. قۇدرەتلىك، چىداملىق. |
| گۈچلۈخان | Güçlühan | كۈچلۈكخان. قۇدرەتلىك سۇلتان. |
| گۈلتېكىن | Gültekin | كۈلتېكىن. ئىشەنچلىك، خەيرلىك سۆيەر. كۆكتۈركلەردىكى |

كۆلتېگىن.

| | | |
|---|---|---|
| گۈنالپ | Günalp | كۈنئالپ. ياخشى كۈن، قۇتلۇق كۈن. |
| گۈناي | Günay | كۈنئاي. كۈنگەي. قۇياشنىڭ نۇرى بەكرەك چۈشكەن يەر. |
| گۈندوغان | Gündoğan | كۈندوغان. كۈن يورۇقلۇقى بىلەن بىرلىكتە دۇنياغا كەلگەن. |
| گۈندۈز | Gündüz | كۈندۈز. ئازادىلىك. |
| گۈنەش | Güneş | گۈنەش. قۇياش. قۇياشنىڭ تارقاتقان نۇرى ۋە ئىسسىقلىقى. |
| گۈنەي | Güney | گۈنەي. جەنۇب. |
| گۈنگۆر | Güngör | كۈنكۆر. بەختلىك بول، راھەت بىر ھايات سۈرگۈچى كىشى. |
| گۈنخان | Günhan | كۈنخان. ئوغۇزخاننىڭ تۇنجى ئوغلى، ئاي خاننىڭ ئىنىسى. |
| گۈنتېكىن | Güntekin | كۈنتېكىن. |
| گۈرال | Güral | گۈرئال. ھەققىنى ۋە نېسىۋىسىنى كەڭتاشا بەرگەي. |
| گۈرالپ | Güralp | گۈرئالپ. قەھرىمانلىقى ئۈستۈن كىشى. |
| گۈربۈز | Gürbüz | گۈربۈز. چىداملىق، كۈچلۈك ۋە قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلانغان بىرى. يېگەن ـ ئىچكەندەك كىشى. |
| گۈردال | Gürdal | گۈردال. چېچەكلى ۋە مېۋىسى مول، تازا بولغان شاخ، تال. |
| گۈزەل | Güzel | گۈزەل. چىرايلىق، ياخشى، ئاپىرىن. |

| | | |
|---|---|---|
